ئەقىل - پاراسەت ئەگگۈشتىرى (3)

# ئىبرەت، ئىبرەت، ئىبرەت

(2)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

«ئەقىل - پاراسەت ئەڭگۈشتىرى» نامىدىكى
نان تېپىدىغان، جانغا ئەسقاتىدىغان
بىر يۈرۈش كىتابلار سىزگە تۇرمۇش
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىپلومىنى بېرىدۇ

| | |
|---|---|
| تەقدىرداش كارۋانلار | 11.00 |
| ئەقىل - پاراسەت گۈلىستانى | 12.00 |
| ياشاش مەنتىقىسى | 12.00 |
| مەدەنىيەت كارۋانلىرى | 24.00 |
| ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا | 15.00 |
| بايقاش | 10.00 |
| ئەقىل - پاراسەتنىڭ نەرخى | 10.00 |
| ئىبرەت، ئىبرەت، ئىبرەت (1) | 10.00 |
| ئىبرەت، ئىبرەت، ئىبرەت (2) | 10.00 |

ISBN 7-228-08997-9
9 787228 089970 >

ISBN 7-228-08997-9
(民文)总定价 (1-4):40.00元

ئەقىل ـ پاراسەت ئەگگۈشتىرى (3)

# ئىبرەت، ئىبرەت، ئىبرەت

(2)

تۈزگۈچى : يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据
发觉/亚尔买买提·塔依尔编;—乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2004.8
(知慧教育·第3辑)
ISBN 7-228-08997-9
Ⅰ.发… Ⅱ.亚… Ⅲ.故事—作品集—中国
—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1247.8
中国版本图书馆CIP 数据核字(2004)第085462号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
那孜古丽·阿克山拜
责任校对:阿孜古丽·克里木
封面设计:艾克拜尔·沙力

知慧教育(0104 第3辑)

**教诲、教诲、教诲** (维吾尔文)

(2)

**亚尔买买提·塔依尔 编**

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 6.625 印张
2004年8月第1版 2004年8月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN 7-228-08997-9 套价(1—4):40.00

# مۇندەرىجە


مۇشۇك بىلەن چاشقان ۋەقەسى ........................ 1
كەكلىك بىلەن قارچىغىنىڭ ھېكايىسى ........... 10
دەرۋىشنىڭ خام خىيالى.............................. 16
ھەسەتخور تۈلكە.......................................... 19
ئىناقسىز قاغىلارنىڭ ۋەقەسى ....................... 22
يىلان باققۇچى ........................................... 25
ئوغرىلارنىڭ دامىغا چۈشكەن يىگىت............... 31
يامان نىيەتلىك تېۋىپنىڭ دورىسى.................. 28
ئولجا بۆلۈشۈش.......................................... 35
چىل قۇشنىڭ تاشپاقىنى دوست تۇتۇشى ............ 40
مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش ........................... 45
ئەر - خوتۇن ۋە دېدەك ............................... 47
ئەنقا بىلەن قۇشقاچ ................................. 49
يېرىق دورىسى ........................................... 51
سەت ئايالنىڭ قاپاق تۇرۇشى ........................ 54
قۇدۇقتىكى پاقا........................................... 56
سودىگەر ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ھېكايىسى ................ 58
تەدبىرلىك مويسىپىت ................................. 67
ئۈچ خىل باھا............................................. 72
كالا ۋە ئارغامچا ........................................ 74
توشقانلارنىڭ ئىبرىتى ................................. 76

www.uyghurkitap.com


تۈلكىنىڭ كانىيى .......................... 79
ئاتا دەستۇرى .......................... 81
بىغەم چاشقاننىڭ ھېكايىسى .......................... 90
تۆگە بىلەن قاغا ۋە بۆرە ھەم چىلبۆرىنىڭ ھېكايىسى .......................... 96
زاھىت بىلەن بۆرىنىڭ ھېكايىسى .......................... 104
مايمۇن بىلەن توڭگۇزنىڭ ھېكايىسى .......................... 106
ئورمان بىلەن دۈشمەنلەشكەن ياۋا چوشقا .......................... 111
تۈلكە بىلەن توشقان ۋە بۆرىنىڭ ھېكايىسى .......................... 113
تاشپاقا بىلەن چاياننىڭ ھېكايىسى .......................... 118
شى ئەۋلادى ۋە مىك ئەۋلادى .......................... 122
ھاماقەت باي بىلەن ئەقىلسىز ئوغۇل .......................... 125
بېلىقئالغۇچ بىلەن قىسقۇچپاقىنىڭ ھېكايىسى .......................... 127
يىلان بىلەن توشقان .......................... 131
تادان مايمۇن .......................... 133
مايمۇن بىلەن يولۋاس .......................... 135
پۈتىغا قاپاق باغلىۋالغان كىشى .......................... 137
گۆش كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىش .......................... 139
كالپۇك بولمىسا چىش توڭلايدۇ .......................... 141
قارا قۇشنىڭ تەرجىمىھالى .......................... 144
ئەتىگەندە ئۈچ، كەچتە تۆت .......................... 148
دۇمباقچى پاقا .......................... 150
دېھقان، ئاق قۇشقاچ ۋە بوز تورغاي .......................... 152
سوپسوپىياك، گۈل، يەر .......................... 155
تۆمۈرنىڭ ھېكايىسى .......................... 157

پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى ........................ 160
پەلەكنىڭ چۆرگىلىشى........................... 170
ھېرىس مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى .................. 174
پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقى نېمە ئۈچۈن قىزىل بولۇپ
قالغان ؟ ........................................ 178
بوز تورغاينىڭ ئۇۋىسى نېمە ئۈچۈن ئېتىزلىقتا
بولۇپ قالغان ؟ ................................ 180
ئىت بىلەن مۈشۈك نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىگە
ئۆچ بولۇپ قالغان ؟ ........................... 183
مۈشۈك نېمە ئۈچۈن پوقىنى كۆمىدۇ ؟ ........... 186
ئوقيا خۇمار چى شۇەنۋاڭ ........................ 189
شىر ، تۈلكە ۋە ئېشەكلەرنىڭ ھېكايىسى ......... 192
خاتىمە........................................... 202

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇشۇك بىلەن چاشقان ۋەقەسى

— دۈشمەن سەللە ئورىۋېلىپ تەقۋادارلىقتىن دەۋا قىلسىمۇ يەنىلا دۈشمەن .

— خاتىرەمدىن

كۈنلەرنىڭ بىرىدىكى قاراڭغۇ كېچىدە ، مۇشۇك ئوزۇق ئىزدەپ ، ھەممە ياقنى تىمىسقىلاپ ھېچنېمە تاپالماپتۇ . قاتتىق شىۋىرغان سوغۇق ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپتۇ . ئاخىر بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە چاشقان تۆشۈكىنى كۆرۈپ قاپتۇ . خۇشاللىقىدىن تۆشۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ :

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دوستۇم ، ئۆيۈڭدە ياخشى تۇرۇۋاتامسەن ؟ كېچىدىن بۇيان سوغۇق بەك بولدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق بوران چىقىپ سوغۇقتا پۇت - قوللىرىم ئۇيۇشۇپ ، مېڭىشقا ئامالسىز قالدىم . رەھىمىڭ كېلىپ ئۆيۈڭدە بىر ئاخشام قوندۇرغان بولساڭ ، خۇدا بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەندە يولۇمغا مېڭىپ كېتەتتىم . ئۆزۈڭگە مەلۇم ، مەن چاشقان زاتىغا تەگمەيمەن دەپ تۇۋا قىلغاندىن بۇيان ، مۇشۇ كۈنگىچە ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەن يېرىمىز يوق . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر مۇساپىر ، بېشىغا كۈن چۈشكەن مىسكىن . ‹مۇساپىرغا رەھىم قىلغانلارنىڭ جايى جەننەتتە› دېگەننى بىلىسەنغۇ ؟» دەپتۇ . ئۇۋىسىدا ياتقان چاشقان مۇشۇكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا دەرھال تۇتۇش قىلىپ ، جان -

جەھلى بىلەن تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا ئىچىدىن توپا تارتىپ ، تۆشۈكنى ئېتىۋېتىپتۇ - دە ، ئاندىن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ :

— دوستۇم ، ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭ . مەن بۇ تۆشۈكنى سەن ئۈچۈنلا ناھايىتى چوڭقۇر كولاپ قويغانىدىم ، ئەگەر بۇ دۇنيادا سەن بولمىغان بولساڭ ، بۇ تۆشۈكنى كولاپ نېمە قىلاتتىم . ۋاقتى - ۋاقتىدا تالاغا چىقىپ كۈن نۇرىنى كۆرەتتىم ، كۆڭلۈمنى ئېچىپ يايرايتتىم . سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن باللىرىمنىڭ يۈرىكى پوك - پوك ، ئوزۇق ئىزدەپ تالا- تۈزگە چىقىشى بىلەنلا سېنىڭ ئاغزىڭغا يەم بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ئەمدى بىر - بىرىمىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگەن مانا مۇشۇ تۆشۈك . سېنىڭ دوستلۇقۇڭدىن ئۆز تۆشۈكۈمنىڭ بوشلۇقى ياخشى . «ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا ، سامان تىقۇر پوستۇڭغا» دېگەن مەسەلمۇ بار . سەن ۋەدىسى يالغان ھىيلىگەرسەن . بۈگۈنچە باشقا جايغا بېرىپ قونغىن ، — دەپتۇ .

مۈشۈك غەمكىن ، بىچارە ئاۋاز بىلەن :

— ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست ، بىلىدىغىنىڭ كۆپ . ئەمما ، سەن ئېيتقان ئۇ ئىشلارنى مەن قىلمىدىم . ئاتا - بوۋىلىرىمىز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ بەزى ۋاپاسىزلىق ئىشلىرىنىمۇ قىلغانىكەن ، سېنىڭدىن ئىلتىماسىم شۇكى ، كونا ئاداۋەتلەرنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت ، ئاداۋەت ساقلىغان ياخشى ئەمەس . «كىمكى مەخلۇقنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسە ، خالىقمۇ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەي» دېگەن گەپ بار ، بۇرۇن دۈشمەن دەپ تونۇغان بولساڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ دوستلۇقۇمنى كۆرىسەن» . ئۇلۇغلارنىڭ : «ئەگەر دۈشمىنىڭ توۋا قىلىپ ، دوستلۇق ئىزھار قىلسا ، سەن ئۇنىڭغا دوستلۇق قولۇڭنى سۇن» دېگەن ھېكمەتلىك گەپلىرى بار . ئاللانىڭ بىر ئىسمىمۇ رەھىم

www.uyghurkitap.com

قىلغۇچىدۇر . پەيلىگىدىن يانغىن . قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ ئالدىدا نېمىدەپ جاۋاب بېرىسەن ؟ مەن قىلچە ماجالىم قالمىغان بىچارە تۇرسام ، يەنە ساڭا مەندىن نېمە يامانلىق كېلىدۇ . خۇدادىن قورقمامسەن ؟ ئىشىكىڭنى ئاچقىن ، ئازراق تىنىمىنى ئىسسىتىۋالاي ، — دەپتۇ .

چاشقان ئىچىدە تۇرۇپ :

— بېشىمنى تولا ئاغرىتىۋەرمە ، دوستۇم ، ھەسەلدەك تاتلىق گەپلىرىڭگە ئىشىنىپ ، تىرناقلىرىڭ ئاستىدا يانجىلىشنى خالىمايمەن . بولدى قىل ، — دەپتۇ . مۈشۈك بېشىنى تۆشۈككە يېقىن كەلتۈرۈپ :

— ئۆتۈپ كەتكەن باغرى تاش ، ياۋۇز نېمىكەنسەن . مېنىڭ ساڭا ئېيتىۋاتقان گەپلىرىم ئۆلۈم ئالدىدىكى گەپلەر ئىدى . ئەمدى بارىدىغان يېرىم يوق ، ئۆلۈكۈم ، بىچارە جەسىتىم ، بوسۇغاڭ ئالدىدا قالدى . خەير - خوش ، قىيامەت كۈنى يەتكەندە خۇدانىڭ دەرگاھىدا بېرىدىغان جاۋبىڭنى تەييارلاپ قوي ، — دەپ مىياڭلاپ ، يىقىلغان بولۇپ يېتىپتۇ .

چاشقان ئۆز - ئۆزىگە : «ئۇ ، خۇدانىڭ نامىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ نالە قىلدى . راستىنلا ئۇنىڭ ھالى خاراب بولسا كېرەك . ‹ يېڭىلگەن دۈشمەنگە رەھىم قىلساڭ ، ئايرىلماس دوستقا ئايلىنار › دېگەن گەپ بار . خۇدا يولىدا ئۇنىڭ ھالىغا رەھىم قىلىپ ، ئۇنى مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇرسام ساۋابى تېگىپ قالار » دەپ رەھىمى كېلىپ ، ئۆۋىسىدىن ئاستا بېشىنى چىقىرىپ قارىسا ، مۈشۈك بىچارە پۇتلىرىنى سوزۇپ ، ھالسىراپ ياتقۇدەك ، ئۇ خاتىرجەم سىرتقا چىقىپ :

— ھە ، راستىنلا مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتىكەنسەن ، يۈر ، سېنى ئۆيۈمگە ئەكىرىپ ، ھالىڭدىن خەۋەر ئالاي ، —

دەپتۇ ـ دە، ئۇۋىسىغا باشلاپ كىرىپ، يىغىپ قويغان نەرسىلىرى بىلەن مېھمان قىپتۇ. «ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشمەيدىغان ئىش يوق، بۇمۇ ئۆزى كاپكاتتا تۇرۇپ، شۇنداق ئېغىر كۈنگە چۈشۈپ قالغانىكەن» دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇپتۇ. مۈشۈكمۇ ئۇنىڭ ئوبدان كۈتكىنىگە بەكمۇ رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. مۈشۈك ئاستا تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا كېلىپ تۇرۇپ:

— قېنى دوستۇم بۇياققا كەل، ئەمدى تاڭمۇ ئېتىپ قالدى. سەن بىلەن خوشلىشىپ يولۇمغا ماڭاي، — دەپتۇ ـ دە، ئۆزىگە يېقىنراق كەلگەن چاشقاننى كاپ قىلىپ تۇتۇپ، سىقىمداپ ھوش-كاللىسىنى چىقىرىۋەتكەندەك كېيىن، تاشلىۋېتىپ، يەنە تۇتۇپ، بىرنەچچە دومىلاتقاندىن كېيىن، ئاغزىغا ئالاي دەۋاتقاندا كۆزىنى پىلدىرلاتقان چاشقان:

— ھەي دوستۇم، قېنى دوستلۇق قەسىمىڭ؟ قېنى خۇدادىن قورقىنىڭ؟ قېنى سىيلە ـ رەھىم قىل دېگىنىڭ؟ مەن سېنى خۇدادىن قورقۇپ، بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ دەپ شەپقەت قىلىپ، ئۆيۈمگە باشلىغانىدىم. قېنى سەندىكى ئىنساپ، قېنى سەندىكى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش! ياخشىلىققا يامانلىق دېگەن شۇمۇ؟ — دەپتۇ.

مۈشۈك غەزەپلىنىپ:

— ۋالاقشىما، شۇمتەك، ئاشلىق ئوغرىسى، سېنىڭ جازايىڭنى بېرىدىغان، نەسلىڭنى قۇرۇتىدىغان مەن بولىمەن، كۆرۈپ قوي ئەمدى! — دەپ ئاغزىغا سېلىپ چايناي دەۋاتقاندا تۆشۈك ئالدىدا قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ.

بىر ئوۋچى ئىتى بىلەن كېچىچە ئوۋ ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر تۆشۈك ئاغزىغا كەلگەندە، «بۇ تۈلكىنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ

قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ ئىتنى تۆشۈككە كىرگۈزۈپتۇ. ئىت مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپ تارتىپ چىقىرىپتۇ. مۈشۈك ئۆز جېنىنىڭ ۋەھىمىسىدە چاشقاننى قولدىن چىقىرىپتۇ. چاشقان ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.①

× × ×

بۇ دۇنيانىڭ سىر - ئەسرالىرى ئاجايىپ - غارايىپلار بىلەن توشقان. بەزىدە مۈشۈك ئىلاجىسىز قالغاندا چاشقاننىڭ ئالدىدا تەقۋادارلىقتىن لاپ ئۇرۇپ، بىچارىلىقتىن دەۋا قىلىپ ئۆزىنى ھىيلە - مىكىر دامىغا چۈشۈرۈشنى قەستلىسە، بەزىدە كات ئاستىغا سۇقۇنۇۋېلىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن چاشقانلارنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىدۇ، بۇ ئەھۋال ئەزەلدىن شۇنداق داۋاملىشىپ كەلدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ مۈشۈك ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئۇ ئۆز تەبىئىتىنى ئۆزگەرتكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ مۈشۈكلۈك تەبىئىتىنى يوقىتىدۇ - دە، ئۇ ئۆزىمۇ بولالمايدۇ.

يۇقىرىقى ھېكايىدە مۈشۈك پەقەت ئىلاجىسىزلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىلا ئۇ ئاشنالىق، دوستلۇق، مېھرىبانلىق توغرىسىدا نۇرغۇن گەپلەرنى سېتىپ، شۇ ئارقىلىق چاشقاننى بابلاش كويىغا كىردى، ئۇ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئېغىزلىرىدىن شېرىن - شېكەر گەپلەرنى قىلدى، ھەتتا چاشقان ئۈچۈن جان بېرىشكىمۇ تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتىنمۇ تەپ تارتمىدى، ئۇنىڭ نەپسى بالاسى قانچىلىك تەقەززا قىلغانسېرى، شۇنچىلىك ئەپسۇن سۇرلىرىنى ئوقۇشقا ھەرىكەت قىلدى،

گەرچە، چاشقان ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن دۈشمىنىنىڭ

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشر قىلغان «مىڭ بىر كېچە»نىڭ 8 - قىسمىدىن ئېلىندى.



www.uyghurkitap.com

هىيلە - مىكىر توزىقىدىن ئۆزىنى شۇنچە تارتىشقا ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ، ئۇ ئاخىرى مۇشۇكنىڭ شۇم ئەپسۇنلىرىغا ئالدىنىپ كەتتى ، بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئۇ تارىخىي ئىبرەتنى ئۇنتۇپ قالدى ، ئۆز دۈشمىنىگە ياخشىلىق ئىشكىنى ئېچىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئۆزىگە ھالاكەت دوزىخىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانلىق بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھايات قانۇنىيىتىنى يادىدىن چىقىرىپ قويدى ، دۈشمەننىڭ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ ۋاپا قىلمايدىغانلىقى ، ئۇنىڭ ۋەدىگە ئۆتكەن ۋاقتى دەل ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقى بولىدىغانلىقىنى ئەقىل ئەينىكىدە كۆرەلمىدى ، ئاخىرى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار يۈز بەردى . گەرچە ئۇۋۇچىنىڭ ئىتى چاشقاننىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ ، بۇ بارلىق چاشقانلارغا قىيامەتكىچە ئاچچىق ئىبرەت بولدى .

بۇنداق مۇشۇكلەر ئادىمى مەخلۇقلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بار . تارىختا مۇنداق ساۋاقلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن . بۇ خۇسۇستا ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن بىر ئېچىنىشلىق ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي ، ئىبرەت قىلغايسىلەر .

## قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىش

1912 - يىللىرى قۇمۇلدا شاھ مەخسۇت ۋە ياڭ زېڭشىڭغا قارشى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ ، شاھ مەخسۇت ئوردىسىنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىۋەتتى ، ياڭ زېڭشىڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن چوڭ تەھدىت ئېلىپ كەلدى . قوزغىلاڭ تېز ئارىدىلا تەرەققىي قىلىپ زور قوشۇنغا ئىگە خەلق ئىنقىلابچىلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

بولغان ئۇرۇشتا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى، قوزغىلاڭچىلار قۇمۇلنىڭ تاغلىرىدا بولغاچقا، دۈشمەن قوشۇنى ئۇلارنى ھەرگىزمۇ مەغلۇپ قىلالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىڭ يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، بۇ تەدبىرنىڭ تورىقىنى دەل تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئەقىدىسىدىكى ئاجىزلىقتىن باشلاشقا تۇتۇش قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئاتالمىش مۇسۇلماندىن بىرنى تېپىپ، شۇ ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، تۆمۈر تەقۋادار ئادەم ئىمىشقۇ، بۇ راستمۇ، — دېدى ياڭ جاڭجۈڭ.

— ئۇنىڭ خەلىپە دەپ ئاتىلىشى ۋە سەيپۇڭ توختىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقى شۇنىڭدىن دالالەت بەرسە كېرەك، — دېدى مۇپەتتىش.

— ياخشى، — دېدى ياڭ جاڭجۈڭ، — ئۇنداق بولسا بىز قىلىچىنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئاندىن پايدىلىنىپ كۆرسەك بولغۇدەك. مېنىڭ ئۇقۇشۇمچە، مۇسۇلمانلار قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەننى ھەرقانداق ھۆكۈمنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى قىلىدىكەن. بۇ بىز ئۈچۈن ياخشى ۋاستە. ئەمدى بىز شۇنداق بىر ئىش قىلايلى، يا تۆمۈر ماڭا ئەل بولسۇن، ياكى ئۆزىنىڭ جاھىللىقىدا تۇرۇپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا خۇداسىنىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغان بولسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن، گۇچىڭدىكى مۇسۇلمان باتالىيونىنىڭ قوماندانى لى شۇفۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى قۇرئان ۋاستىسى بىلەن تۆمۈرنى ئەل قىلىشقا قۇمۇلغا ئەۋەتتى، ئۇ نۇرغۇن قائىدە ۋە ئەپسۇن يالىرىدىن ئۇق ياغدۇرۇپ، تۆمۈرنى قايىل قىلدى، ئەمدىكى گەپ تۆمۈرنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىشتا

قالغاندى، لى شۇفۇ تۆمۈرنىڭ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، پاك جاڭجۇڭنىڭ يامان نىيىتى يوقلۇقى ئۈستىدە قۇرئان تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى.

لى شۇفۇ:

— ماڭا ئىشىنەمدىلا، يوقمۇ، — دېدى.

— ئۆزلىرىگە ئىشىنىمەن.

— ماڭا ئىشەنسىلە، ئەزبىراي خۇدا، پاك جاڭجۇڭغىمۇ ئىشەنسىلە، مەن قۇرئان تۇتۇپ بېرەي!

— راستىنلا قۇرئان تۇتۇپ، بېرەمدىلا، — دېدى تۆمۈر خەلىپە.

ئەزبىراي، تەرىتىم بىلەن پاك ئولتۇرۇپتىمەن، ھازىرلا تۇتۇپ بېرەي! ياق، جامائەت شاھىت بولسۇن دېسىلە، قۇرئانى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تۇتۇپ بېرەي!

ئەتىسى بامدات ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا، بىرىنچى سەپتە ئولتۇرغان لى شۇفۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مەسچىت مېھرابىنىڭ يېنىدىكى ئويۇقتا تۇرغان چوڭ بىر قۇرئاننى بىسمىللا ئېيتىپ قولىغا ئالدى ۋە پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ بولۇپ، كۆپچىلىككە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— جامائەت! مەن ھازىر ئاللانىڭ ئۆيى بولغان بۇ مەسچىت مۇبارەكتە ھەرقايسىلىرىغا ناھايىتى يوجۇك بىر گەپنى ئېيتىمەن. مەن ئاللاتائاللانى بىر، مۇھەممەت مۇستاپا سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى ئاللانىڭ بىزگە بەرگەن ھەق رەسۇلى دەپ، دىلىم بىلەن تەستىق ۋە تىلىم بىلەن ئىقرار قىلىپ، مەھشەر كۈنى جاۋاب بەرگۈچى تىلىم بىلەن شۇنىسى ئېيتاي: پاك جاڭجۇڭ جانابلىرىنىڭ تۆمۈر خەلىپىنى ئۇرۇمچىگە چىللىشىدا قىلچە يامان نىيىتى يوق. ھەممىسى ئەل - يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، بۇ

گېپىم يالغان بولسا ، مانا قولۇمدا تۇرغان مۇشۇ ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم مېنى ئۇرسۇن ، قىيامەت كۈنى ھەممىلىرىنىڭ قىزىل تىرنىقى پېقىرنىڭ ياقىسىدا بولسۇن! ①

شۇ قېتىمقى قەسەمدىن كېيىن تۆمۈر خەلىپە ئۇرۇمچىگە بېرىشقا رازى بولدى ، شۇنداق قىلىپ ياڭ جاڭجۈڭ تۆمۈر خەلىپىنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ، «بۆرە بىلەن قوزىچاق» دېگەن مەسەلدىكىدەك پاجىئە يۈز بەردى .

دېمەك ، بۆرىنىڭ قېشىغا ۋاپا تىلەپ بارغان تۆمۈر خەلىپە شۇنداق كۆلپەتلىك جاپالارنى تارتتىكى ، ئۇ ئۆزىنىلا ھالاك قىلىپ قالماي شۇنچە نۇرغۇن باھادىر ئوغلانلارنىڭ قېنىنىڭ دەريادەك ئېقىشىغا سەۋەب بولدى ، ياڭ جاڭجۈڭ تۆمۈر خەلىپىدىن ھەر خىل ئېۋەنلەرنى تېپىپ ، تۆھمەت زىندانلىرىغا تاشلاپ ئاخىرى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى .

ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەسلىك ، دۈشمەنىنىڭ قۇرۇق ۋەدىلىرىگە ئىشىنىش ئادەمنى ئاشۇنداق زور قۇربانلارنى بېرىشكە سۆرەپ كىرىدۇ . تۆمۈر خەلىپە شۇنى ئۇقمىغانكى ، لى شۇفۇ خەلقنىڭ دۈشمىنى بولغان ياڭ جاڭجۈڭنىڭ بىر غالچىسى ، ئۇنىڭ قولىدىكى قۇرئان ئادەتتىكى بىر قەغەز پارچىسى خالاس . دۈشمەن دېگەن رەقىبىگە تەڭ كېلەلمىگەندە ئاشۇنداق دوستلۇق قوڭغۇرىقىنى چېلىپ رەقىبىنىڭ پوستىغا كىرىۋالىدۇ ـ دە ، ئاخىر پوستىغا سامان تىقىدىغان گەپ . بۇ ئىبرەتنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك .

«كەكلىك بىلەن قارچىغىنىڭ ھېكايىسى»دىن تېخىمۇ مۇھىم بىر ئىبرەتنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ .

---

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

# كەكلىك بىلەن قارىچىغىنىڭ ھېكايىسى

— ياخشىچاق بولۇش بىلەنمۇ غەرەزلىكلەرنىڭ خەۋپىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

— خاتىرەمدىن

بىر كەكلىك تاغ باغرىدا يورغىلاپ يۈرگەنىكەن. ئۇنىڭ سايرىغان ئاۋازى تاغنىڭ ئەكس ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاسمان گۈمبىزىدە ياڭرايدىكەن. تاسادىپەن بىر قارىچىغا ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ يۈرۈپ، كەكلىككە نەزىرى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق مېڭىشلىرىنى كۆرۈپ، جان بېغىشلىغۇچى ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە مۇھەببەت قوزغىلىپتۇ.

قارىچىغا ئۆزىچە: «بۇ ئالەمدە مۇناسىپ يارسىز ئۆتكىلى بولمايدۇ»، «كىشىنىڭ يارى بولمىسا ئۇ بىماردۇر»، «كىشىنىڭ يارى بولمىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلمايدۇ» دېگەن تەمسىللەر بارغۇ. بۇ كەكلىك ھەقىقەتەن شۇنداق بىر دىلنى ئېرىتقۇچى شېرىن ھەرىكەتلىك ئىكەنكى، بۇنداق رەپىق بىلەن بىللە بولسا كىشىنىڭ روھى تازىلىنىپ، كۆڭلى شاد ۋە بىغەم بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، قارىچىغا ئاستا كەكلىك تەرەپكە مېڭىپتۇ. كەكلىك ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەزەر قىلىپ، تاشنىڭ كاۋىكىغا كىرىۋاپتۇ. قارىچىغا ئۇ كاۋاكنىڭ ئاغزىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، كۆڭۈل ماجىرالىرىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ.

— ئەي كەكلىك! مەن بۇنىڭدىن بۇرۇن، سېنىڭ ھۈنەرلىرىڭدىن غاپىل ئىدىم. بۈگۈن سايرىغىنىڭنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمگە بىر خۇشاللىق ھاسىل بولدى. چىرايلىق مېڭىشلىرىڭ جېنىمنى ئەسىر قىلدى. ئەمدى مەندىن قورقمىغىن. مەن بىلەن ئاشنا بولغىن. مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى مەنپەئەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

دوستلۇق شۇنداق دەرەخكى، پىشسا مەقسەت مېۋىسى، قانچە كۆپ ئۈزسەڭ ئۈنىڭدىن، شۇنچە كۆپ پەيدا بولۇر.

— ھەي قانخور زالىم! — دەپتۇ كەكلىك ئۇنىڭغا جاۋابەن، — مېنى قەستلەيمەن دەپ ئاۋارە بولماي، باشقىلارنىڭ قېشىغا بارساڭچۇ. تەلەتىڭنى كۆرۈشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرگىنىم يوق. مەندە سېنىڭ ۋىسالىڭنى خىيال قىلغۇدەك ماجالىمۇ يوق. ئەگەر بىر كىشى ئوت بىلەن سۇنىڭ بىر يەردە قوشۇلغىنىنى كۆرگەن بولسا، مەن سەن بىلەن ئاشنا بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. كىشى ئاپتاپ بىلەن سايە ئۇلپەت بولغانلىقىنى كۆرگەن بولسا، سەن بىلەن مېنىڭ ھەمراھ بولۇشۇمنى ئويلىشى مۇمكىن. بۇ خام خىيالنى تاشلا. بۇنىڭدىن ھېچ ئىش چىقمايدۇ.

— ھەي ئەزىز دوستۇم! — دەپتۇ قارچىغا، — ئويلاپراق گۇمان قىل. مەندەك زور ۋە كۈچلۈك قۇشنىڭ سەندەكلەرنى ئوۋلاش ئۈچۈن چاڭگىلىم تۇتالماس بولۇپ قالغىنى يوق؛ تېنىڭنى پارە - پارە قىلغىلى تۇمشۇقۇم جانسىز بولۇپ قالغىنى يوق. ساڭا شۇنداق يۇمشاق سۆزلەۋاتىمەن. بۇنىڭدا ساڭا ئاشنا بولۇشنى ئارزۇ قىلىشتىن باشقا نېمە غەرەز بولسۇن؟ مېنى سەن بىلەن

ھەمدەم ۋە ئۈلپەت بولۇش ئارزۇسى مۇشۇ دەرىجىگە كەلتۈردى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ ناھايىتى كۆپ پايدا كۆرىسەن. بىرىنچىدىن، مېنىڭ ساڭا بۇنداق ئىززەت - ھۆرمەت قىلغىنىمنى باشقا قارچىغىلار بىلىشسە، ھېچقايسىسى ساڭا تەھدىت سېلىشقا پېتىنالمايدۇ - دە، سەن تىنچ ۋە خاتىرجەم ھالدا ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ يۈرۈۋېرىسەن. ئىككىنچىدىن، سېنى مەن ئوردامغا ئاپارسام شۇنداق ئېگىز جايلاردا ئولتۇرۇپ، باشقا كەكلىكلەردىن مەرتىۋەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۆز تائىپەڭدىن بىرەرسىگە ئىشقىڭ چۈشۈپ، مەيلىڭنى بەرمەك بولساڭ، ئۇنى دەرھال ئەپكېلىپ، ساڭا جۈپ قىلىپ قويىمەن. ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ، مۇرادىڭنى ھاسىل قىلىپ، دەۋر سۈرۈپ يۈرۈۋېرىسەن. ساڭا نە پەلەكتىن جەۋر كەلسۇن، نە راھەتتىن مالاللىق يەتسۇن. مەقسىتىڭ ھاسىل، مۇرادىڭ ۋاسىل بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— سەن قۇشلارنىڭ پادىشاھىسەن. مەن بولسام پۇقرالارنىڭ بىرىمەن. سېنىڭ ئالدىڭدا بىزدەك پېقىرلەر خۇش كەلمەيمىز. ۋە رەسىم - رۇسۇم، ھىيلە - مىكىرلىرىڭدىن خالىي بولالمايمىز. ئەگەر سېنىڭ ھوزۇرىڭدا مەندىن بىرەر ناماقۇل ئىش سادىر بولۇپ قېلىپ، سېنىڭ تەبئىتىڭگە ياقماي قالسا، ماڭا غەزەپلىنىپ قەھرىڭنىڭ بەش پەنجىسى ۋۇجۇدۇمدىن تۇتۇن چىقىرىشىمۇ ئېھتىمال. بەس، بىر بولۇڭدا خالىغىنە كۈن ئۆتكۈزگىنىم ئەۋزەل. چوڭلارنىڭ خىزمىتىنىڭ خەتىرى كۆپ بولىدۇ. ئۇنداق ئىشنى ئىختىيار قىلمايمەن، — دەپتۇ كەكلىك.

مەندە ھەد يوقتۇر تاماشا قىلغىلى كۈن يۈزىنى،
سايىدەك قىلسام ماكان ياخشى ئېرۇر تام تۈۋىنى.

www.uyghurkitap.com

— ھەي بۇرادەر ، — دەپتۇ قارىچىغا ، — دوستلۇقنىڭ كۆزى ئەيىبنى كۆرۈشكە قارىغۇ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن. دوستتىن بىرەر يامان ئىش سادىر بولۇپ قالسا ، ئۇ ئىش ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدىغۇ . دوستىنىڭ ئەيىبنى ھۇنەر ، زەھىرىنى شېكەر دەپ بىلىشىدىغۇ! مەن سېنىڭ بارلىق خۇي - پەيلىڭنى مۇھەببەت كۆزى بىلەن كۆرىدىغان تۇرسام ، سېنىڭ ئىشلىرىڭ ۋە سۆزلىرىڭنى قانداقمۇ ئەيىبلىيەلەيمەن . مەن ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئەيىبىڭگە قارىمايمەن .

كەكلىك ھەرقانچە مۇۋاپىق ئۆزرىلەرنى ئېيتقان بولسىمۇ ، قارىچىغا ئۇنى ياخشى گەپلەر بىلەن قايىل قىلىپ ، ئاخىرىدا كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىپ ، ئۇنى تۆشۈكتىن چىقىرىپتۇ ۋە بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ ، ئوتتۇرىدا مۇھەببەت رىشتىسىنى مەھكەم باغلىشىپتۇ . قارىچىغا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . ئۇ يەردە ئەيش - ئىشرەت بىلەن دەۋر سۈرۈشۈپتۇ . ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، كەكلىك قارىچىغىدىن خاتىرجەم بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ھېيىقمايدىغان بولۇشقا ، تارتىنىشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، ھەر خىل سۆزلەرنى ئېيتىشقا ۋە غەيرىي كۈلكىلەرنى كۈلۈشكە باشلاپتۇ . قارىچىغا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ۋە ئېغىر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆرمىسگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولۇۋاپتۇ . ئەمما ھەربىر بىئەدەپلىكتىن كېيىن ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاداۋەت ئاز - ئازدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلاپتۇ . بىر كۈنى سەھەردە ، قارىچىغا سەل ئاغرىپ قالغانلىقتىن شىكارغا چىقالماپتۇ . شۇڭا ، ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ئاچ قېلىپ ، ۋۇجۇدىدىن ئاچلىق ئوتى ئۆرلەپ ، نەپس ئەجدىھاسى ئاغزىنى ئېچىپ ھەرىكەتكە كەپتۇ . شۇنداق قىلىپ كەچ كىرىپتۇ . شىددەتلىك ئاچلىق كەكلىككە بولغان ھەممە ئاداۋەتلەرنى

قارىچىغىنىڭ يادىغا كەلتۈرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلىپ، كەكلىك تەرەپكە قاراپتۇ. ئەقىل ئارىدىكى ۋەدىلەرنى بايان قىلىپ، ھەرقانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ماقۇل كەلمەپتۇ.

كەكلىك ئۇنىڭ چېھرىسىدە غەزەپ ئەسىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەرىزى ۋە قەستىنى چۈشىنىپ، قورقۇپ تىترەپ سوغۇق ئاھ چېكىپتۇ.

— دوست بولغان چاغدا، مەقسەت گۆھىرىنى سۆزىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۇ دەريا سۈيىنىڭ بۇنداق چەكسىز دولقۇنلايدىغانلىقىنى نېمە بىلەي. ۋاي دەرىخ! ئاۋىلىنى كۆرۈپلا ئاخىرىغا نەزەر سالماپتىمەن. ئۆز جىنسىمدىن بولمىغان نەرسە بىلەن ھەمدەم بوپتىمەن. بۈزرۈكلارنىڭ «ناجىنسنىڭ سۆھبىتىدىن ھەزەر قىلغىن» دېگەن نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۈگۈن ئۆمرۈمنىڭ كېمىسى شۇنداق بىر گىرداپقا چۈشۈپتۇكى، تەقدىر كېمىچىسى ئۇنى ئۇ قايىنامدىن چىقارماققا ئاجىزدۇر. ئەمدى نە رەپىقلىرىمدىن ۋاپا كەلسۇن، نە ھاياتىمدىن ئۈمىد بولسۇن، نە پەلەكتىن بىر بېشارەت بولسۇن ۋە نە يېڭىدىن دۇنياغا كېلىشىم مۇمكىن بولسۇن!

قارىچىغا ئازار چاڭگىلىنى ئېچىپ، غەزەپ تۇمشۇقىدىن ئوتلار چېچىپ، كەكلىكنى يېمەكلىككە باھانە ئىزدەپتۇ. كەكلىك بولسا ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپتۇ. قارىچىغا باھانە تاپالماي ئاخىرى مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بىئەدەپ! مەن ئاپتاپتا تۇرىمەنۇ، سەن راھەتلىنىپ سايىدا ئولتۇرىسەنا؟

— ھەي پادىشاھى ئالەم! بۇ كېچە تۇرسا، پۈتۈن ئالەم سايە ئاستىدا تۇرسا، سىزگە قايسى ئاپتاپنىڭ ئىسسىقى تەسىر

قىلغاندۇ ؟ — دەپتۇ كەكلىك .

— سەن تېخى مېنى يالغانچى قىلامسەن ؟ — دەپ قارىچىغا كەكلىكنى كاپ قىلىپ تۇتۇپتۇ - دە ، پارە - پارە قىلىپ يەپتۇ .

كەلدى كەكلىككە ئۆلۈم ، يورگەچ خىرامان سەير ئېتىپ ،
ھەم قازا قارىچىغىسىنىڭ ۋەھىمىدىن غاپىل بولۇپ .①

بۇ مىسالدىن شۇ ئىبرەت بولسۇنكى ، ھەر كىشى ناجىنىس بىلەن ھەمدەم بولسا ۋە زەرەر يەتكۈزىدىغان بىر كىمنىڭ سۆھبىتىدە ئۆمۈر كەچۈرسە ، ئاخىرى ھالاكەتكە ئۇچرىغۇسىدۇر .

يۇقىرىقى پاجىئەدىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، ئۆزىدىن ئۈستۈن دۈشمەنگە يولۇققاندا ، ھەرگىزمۇ ئېھتىيات قالقىنىنى ئۆزىدىن ئايرىماسلىق ، ئۇلارنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزىگە گول بولماسلىق دۇرۇس . دۈشمەندە رەھىم - شەپقەت دېگەن نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ دۈشمەن ، ئۇنىڭدىن مېھىر - شەپقەت كۈتۈش تولىمۇ ئەخمەقلىق . ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يەتكىچە چالا ھجىيىپ قويىدۇ ، مەقسەتكە يېتىپ شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ھامان ، سەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ھەقىر كۆرۈنۈشكە باشلايسەنكى ، سېنىڭ قىلغان ھەرقانداق خۇشامىتىڭ ئۇنىڭغا تىل- ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ ، ئاخىر كېچىدە سايىنى باھانە قىلغاندەك ، سەندىن قۇسۇر ئىزدەپ ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىپ ، سېنىڭ ھەق سۆزۈڭنى قارشىلىق كۆرسىتىش دەپ باھانە تېپىپ ئەيىبلەيدۇ .

يامانلارنىڭ قېشىدا ياخشىلارغا نەدىمۇ كۈن بولغان ؟

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان «كەلىلە ۋە دەمنە»دىن ئېلىندى .



www.uyghurkitap.com

# دەرۋىشنىڭ خام خىيالى

— خام خىيال گويا سايىدۇركى، ئېرىشىش ئىمكانىيىتى يوق.

— خاترەمدىن

بىر شەھەردە خەير - ساخاۋەتلىك بىر باي كىشى بولغانىكەن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر پەقىر دەرۋىش بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى سېخىي بايدىن ئۈچ نان، بىر - ئىككى قوشۇق سۇ ياغ ئېلىپ تۇرىدىكەن. ناننى يەپ، ياغنى بىر كوزىغا قۇيۇپ ساقلايدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر كۈنى ئالغان ياغ يىغىلىپ كوزىسى تولۇپتۇ. كوزىنى يەردە قويسام بىرەر نەرسە تېگىپ كېتىپ، ياغلىرىم تۆكۈلۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، كوزىغا بىر باغ بېكىتىپتۇ - دە، ئۆزى ياتىدىغان تۆشەكنىڭ ئۇستىگە قوزۇق قېقىپ ئېسىپ قويۇپتۇ.

دەرۋىش بىر كۈنى تۆشەكنىڭ ئۇستىدە يېتىپ، كوزىغا قاراپ خىيالغا چۆمۈپتۇ: ··· «ئاھ، بۇ بىر كوزا ياغ نېمىدېگەن جىق. ئەتە خۇدا بۇيرۇسا بازارغا ئاچىقىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئىككى باش ئۆچكە سېتىۋالاي. ئۇنى ئۆيگە ئەكېلىپ، قوشنا مالچىلار بىلەن كېلىشىپ، ئۇلارنىڭ پادىسىغا قوشۇپ قويىمەن. شۇ يىلى بىر ئەركەك، بىر چىشى ئىككى ئوغلاق تۇغىدۇ. كېلەر يىلىمۇ شۇنداق، ياندۇرقى يىلىمۇ شۇنداق. ئۆچكىلىرىم ھەر يىلى تۇغۇپ، تۇغۇلغانلار چوڭ بولۇپ، ئۇلارمۇ تۇغۇپ، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ، يۈز مىڭغا يېتىپ كۆپىيىدۇ. ئۆچكىلىرىم

باقىدىغان يەرگە سىغماي قالىدۇ - دە، مالچىلىرىم ئالدىمغا كېلىپ: 〈خوجايىن، ماللىرىڭىز ئوتلاقتا پاتمايۋاتىدۇ. قانداق قىلىمىز؟〉 دەيدۇ. شۇ چاغدا ئۆچكىلىرىمدىن مىڭ باشنى ساتىمەن - دە، كۆز يەتكۈسىز يەر سېتىۋالىمەن. ئەمدى بولدى، مانا ئەمدى يېرىممۇ، ئۆچكىلىرىممۇ بار، يەر - مال بولغاندىن كېيىن كاتتا بىر ئايۋان - ساراي سالدۇرىمەن. ساراي خىزمىتىگە كېنىزەكلەر، خىزمەتكارلارنى قويىمەن. بەللى، ئەنە ئاشۇ باينىڭ قىزى بىلەن كاتتا توي قىلىمەن. تويدا مال - چارۋىلاردىن نەچچە يۈزنى سويۇپ زىياپەت ئۆتكۈزىمەن، بايلار، كەمبەغەللەر، ئەمەلدارلار، موللىلارمۇ كېلىپ قاتنىشىدۇ. هاي - هاي، بۇ توي شۇنداق قىزىپ كېتىدۇكى، سازەندىلەر نەغمە قىلىپ، كېنىزەكلەر ئۇسسۇل ئويناپ، گەپدان - تادان، قىزىقچى - چاقچاقچىلار كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ بىقىنىغا سانجىق تۇرغۇزۇۋېتىدۇ. توي ئاخشىمى كېلىن قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ هۆسن - جامالىدىن بەھرىمەن بولىمەن. شۇ ئاخشىمى ئايالىم هامىلىدار بولۇپ قالسا، توققۇز ئاي ئون كۈندىن كېيىن تۇغۇپ، خىزمەتكارلار: 〈تەقسىر — خوتۇنىڭىز ئوغۇل تۇغدى، سۆيۈنچە بېرىڭ〉 دەيدۇ. بوپتۇ، خۇشلۇقۇمدىن سۆيۈنچىمۇ بېرىمەن، ئوغلىمىز چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بىر موللىغا تەربىيىگە بېرىمەن. ياخشى ئادەم بولىدۇ - دە، بىر كۈنى ئوغلۇم كەچ كېلىدۇ:

〈بالام نەگە باردىڭ؟〉 دەپ سورىسام 〈مەيخانىدىن〉 دەيدۇ. 〈ئەستەغپىرۇللا، هەي شۇم، مەن سېنى شۇنداق ئادەم بولسۇن دېگەنىمىدىم؟〉 دېسەم، 〈هەممە ئادەم ئىچىۋاتسا، مەن ئىچمەمدىمەن〉! دەيدۇ. شۇ چاغدا ئاچچىقىمغا پايلىماي مۇشۇ هاسا بىلەن بېشىغا شۇنداق سالىمەنكى ... دەپ يېنىدىكى هاسىنى بىر

ئۆرغانىكەن ، دەرۋىشنىڭ بېشىدا ئېسىقلىق كوزىغا تېگىپ پارچە-پارچە بوپتۇ ، ياغ ئۆزىنىڭ باش - كۆزىگە قۇيۇلۇپتۇ .①

× × ×

بۇ دەرۋىشنىڭ خام خىيالى بىزگە شۇنداق بىر تۇرمۇش ھەقىقىتىدىن ساۋاق بېرىدۇكى ، قۇرۇق خىيال بىلەن ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ، بولۇپمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان خىيال ئادەمنى بارسا كەلمەس يولغا سېلىپ قويىدىغان بىر ئېزىتقۇ . ئېزىتقۇ كوچىسىدىن كىممۇ ئامان - ئېسەن چىقالىغان . ئادەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن خىياللارنى قىلىشى ۋە خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك ، ھەرىكەتسىز خىيال خۇددى سايىدۇركى ، ئۇنىڭغا يېتىش ئىمكانىيىتى يوقتۇر . كۆپىنچە يۇقىرىقى دەرۋىشتەك ھورۇن ئادەملەر ئاشۇنداق قۇرۇق خىيال ئىچىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ ، جاسارەتلىك ئادەم قەتئىي تىرىشىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قىرغىقىغا ئامان - ئېسەن چىقالايدۇ ، 〈تۇغۇلمىغان بالىغا ئات قويىمەن〉 دېيىش ئەخمەقلىق .

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان «مىڭ بىر كېچە»نىڭ 8 - قىسمىدىن ئېلىندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھەسەتخور تۆلكە

— ھەسەت بىلەن ئوت بولۇپ يانساڭمۇ، ئۆزۈڭنى كاۋاپ قىلىشتىن باشقىغا يارىمايسەن.

— خاتىرەمدىن

بىر تۆلكە ئۆۋىسىدىن چىقىپ ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە، كەچتىن تاڭ ئاتقۇچە ئوزۇق ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمايدىكەن. ئۇ دالىدا ئېچىرقاپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر تۆلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئىككىسى ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ، ئوزۇقلۇق تاپماقنىڭ تەسلىكى، جان باقماقنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقىدىن دەرد تۆكۈشۈپتۇ. تۆلكە ئۆز بېشىدىن كەچكەنلەرنى سۆزلەپ كېلىپ:

— راست ئېيتىسەن، كۈن ئالماق تەس بولۇپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان ئاغزىمغا بىر لوقما سالماي، ئۈچىيىم چاپلىشىپ قالاي دېگەنتى. بىر ئورمانلىقتا تۇيۇقسىز ئالدىمغا بىر ياۋا ئېشەك ئۇچراپ قالدى. ھاي، ھاي مانا بۇ خۇدانىڭ بەرگەن رىزقى - نېسىۋىسى، مانا بۇ مېنىڭ ئولجام، بۇگۈن ھاياتىمدا بىرىنچى قېتىم تويۇم بولىدىغان بولدى - دە، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ بىر يالمىمايمۇ دەپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنى قوغلاپ يېقىنتىم. قورسىقىنى شەمشەردەك چىشلىرىم بىلەن يىرتىپ تاشلاپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆپكە، يۈرەك جىگەر باغرىنى شۇنداق مەززە قىلىپ يېدىمكى، ئۇنىڭ شېرىن لەززىتىدىن كۆزلىرىم روشەنلىشىپ، كۈچ - مادارىم ئېشىپ، خۇددى

ياشىرىپ كەتكەندەك بولدۇم . ئۇنىڭ قاتتىق گۆشلىرىنى يېمەي تاشلىۋەتتىم . ئۇنىڭ جىگىرى نەچچە كۈن قورساقنى ئاچۇرمايدىكەن . مانا هازىر قورسىقىم لىققىدە ، هېچنېمىگە تاۋىم يوق ، — دەپتۇ . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقان ئاچ تۈلكىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەپتۇ . ئىككىسى ئايرىلىپ ئۆز يولىغا كېتىشىپتۇ . ئاچ تۈلكە ئۆز ـ ئۆزىگە : «بولدى ، هەممىنى قويۇپ ياۋا ئېشەكنىڭ جىگىرىنى تېپىپ يېمىگۈچە ، ئاغزىمغا هېچنېمە سالمايمەن . پەقەت ياۋا ئېشەكنىڭ جىگىرىنى تېپىپ يېمىسەم خۇدا هەققى» دەپ قەسەم ئىچىپ ، دالا ، ئورمان ، دۆڭ ـ چوقۇر هەممە يەرنى ئاختۇرۇپ ياۋا ئېشەكنى ئۇچرىتالماپتۇ . ئۈچ ـ تۆت كۈن هېچنېمە يېمەي مادارىدىن كېتىپتۇ ، هەتتا ماڭغۇدەكمۇ ماجالى قالماپتۇ . شۇ كۈنى ئوۋچىلار بىر ياۋا ئېشەكنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ، ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاپتۇ . قانچە قىلسىمۇ ئۇنى تىرىك تۇتالماي ، ئوقيا بىلەن ئاتقانىكەن ، دەل ئۇنىڭ بىقىنىدىن تەگكەن ئوق جىگىرىگە سانجىلىپ ، تىك موللاق يىقىلىپتۇ ـ دە ، جان بېرىپتۇ . ئوۋچىلار يۈگۈرۈشۈپ كەلسە ، ئېشەك ئاللىقاچان ئۆلگەنىكەن . ئەپسۇسلىنىپ ، ئېتىلغان ئوق بىكار كەتمىسۇن دەپ ، سانجىلغان ئوقنى تارتىۋالغانىكەن ، باشاق ئۇنىڭ جىگىرىدە قېپقاپتۇ . ئوۋچىلار ئۆلۈك ئېشەكنى تاشلاپ كېتىپتۇ . بۇ ئىش تۈلكىنىڭ ماجالسىز ياتقان يېرىگە يېقىن ئىكەن . ئوۋچىلارنىڭ كەتكىنىنى ماراپ بىلگەن تۈلكە ئۆمىلەپ۔ تىرمىشىپ ئۆلۈك ئېشەك يېنىغا كەپتۇ ـ دە ، كۆزىگە قان تولۇپ هەم خۇشلۇق ، هەم ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى يىرتىپ تاشلاپ ، هەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ جىگىرىگە چاڭ سېپتۇ . ئاچ كۆزلۈكتە چالا يالماپ يۇتقانىكەن ، هېلىقى ئوق باشىقى بوغۇزىغا قادىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ . قانچىكى تولغىنىپ ، ئۆزىنى يەرگە ،

بېشىنى دەرەخكە ئۇرۇپ باقسىمۇ، يا ئىچىگە كىرىپ كەتمەي، يا تېشىغا چىقىپ كەتمەي، مىڭبىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە جان بېرىپتۇ.»①

× × ×

ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى بار. بۇنىڭ بىرى، باشقىلارنىڭ لوقمىسىغا كۆز قىزارتىش. يۇقىرىقى تۇلكىدە ھەم ئاچ كۆزلۈك، ھەم ھەسەتخورلۇق كېسىلى بار. ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ھەسەتخورلۇقنى تېخىمۇ بەتتەر كۈچەيتىۋەتكەن. ئۇ باشقىلار ئېرىشكەنگە مەن نېمىشقا ئېرىشەلمەيدىكەنمەن، دېگەن ئوتتا ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇكى، بىراق ھەرگىزمۇ ئۇ ئارمانغا يېتەلمەيدۇ، تەلىيىگە يارىشا ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئوقى تېگىپ ئۆلگەن ئېشەكنىڭ جىگىرىنى يېيىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئاچلىق بىلەن تەگدىكى، ئوقىيا باشقى ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى.

ئادەم ئۆزىدە بارىغا قانائەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ لوقمىسىغا كۆز قىزارتمىسىلا ئازاب چەكمەيدۇ.

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

# ئىناقسىز قاغىلارنىڭ ۋەقەسى

— ئۆكۈزنىڭ پۇتى بولغاندىن موزاينىڭ بېشى بولغان ياخشىتىغۇ؟!

— قەدىمقى ئۇيغۇر ماقالى

ئاستىدا سۇزۇك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، شاخلىرىدا ياۋا مېۋىلەر ئېسىلىپ تۇرغان، كۆپكۆك دەرەخزارلىقتا بىر توپ قاغىلار ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەچچە يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەن، قانچە بوران، قانچە يامغۇر، قانچە ئىسسىق، قانچە سوغۇق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بىر قېرى قاغا پادىشاھلىق قىلىدىكەن. ئۇ قاغىلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭ - كىچىك، ئورۇق - سېمىز دېمەي ئوخشاش كۆرىدىكەن، ھەممىگە تەڭ مېھرىبانلىق قىلىدىكەن. ھەممىسى خۇرام - خۇشال، ئىناق ئۆتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاغىلار پادىشاھى ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ھەسرەتلەنگەن قاغىلار نەچچە كۈنگىچە ھېچنېمە يېمەي، دەرەخ شاخلىرىدا دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ، ماتەم تۇتۇشۇپتۇ. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قاغىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئارىلىرىدىن بىرىنى پادىشاھ كۆتۈرمەك بولۇشۇپتۇ. بىر توپ قاغىلار بولىدۇ، دېسە، بىر توپ قاغىلار بولمايدۇ، دەپ تالاش - تارتىش قىلىشىپ، ئۆز ئارىلىرىدىن بىرەرىنى پادىشاھلىققا كۆتۈرەلمەي، ئوتتۇرىلىرىدا جېدەل - ماجىرا باشلىنىپتۇ. يەنە بىرنەچچە كۈن ئويلىنىشقا كېلىشىپتۇ. شۇ ئارىدا دەرەخزارلىقنىڭ ئۈستىدىكى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بىر بۈركۈت قاغىلار ئارىسىدىكى ماجىراغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ قونۇپتۇ. قاغىلار ئاۋازىنى پەس قىلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن

ئارىلىرىدىكى تالاش - تارتىشنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ :
— تەقسىر ، ئۆزىڭىز مۇشۇ كەڭ دالىنىڭ كۈچتۈكگۈر باتۇرى . كۆزىڭىز ئۆتكۈر ، پاراستىڭىز چوڭقۇر ، بىز بولساق ئاجىز ، پېقىر قاغىلار ئىدۇق . پادىشاھىمىز ئۆلۈپ ، باشسىز قالدۇق . كىمنى پادىشاھ قىلىشقا كېلىشەلمەيۋاتىمىز . ئەگەر بىز قاغىلارنى تۆۋەن كۆرمەي ، لايىق كۆرسىڭىز بىزگە پادىشاھ بولۇپ بەرسىڭىز ! — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ . بۈركۈت ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ :
— بولىدۇ ، ئىلتىماسىڭلارنى قوبۇل قىلاي . ئىنشائاللا مەن سىلەرگە زور ياخشىلىق كەلتۈرىمەن ، هاياتىڭلارنى خەۋپ - خەتەردىن قوغدايمەن ، — دەپ ۋەدە قىپتۇ . قاغىلار يېڭى پادىشاھنى تەختكە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ، ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە قانات قېقىپ ، ئوزۇق ئىزدەپ كېتىپتۇ . ئارىلىرىدىكى ئاجىز ، كېسەلمەن قاغىلاردىن بىرى ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدىن يىراق كەتمەي ، بۈركۈت يېنىدا قالىدىكەن . قاغىلار يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ، بۈركۈت ھېلىقى يالغۇز قاغىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ ، كۆزى بىلەن مېڭىسىنى چوقۇپ يەيدىكەن - دە ، گۆشىنى يىراق جايغا تاشلىۋېتىدىكەن . شۇ تەرىقە بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، قاغىلار ئۆز شېرىكلىرىنىڭ بارغانسېرى يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ . تەشۋىش بىلەن ھەر تەرەپكە چېپىشىپ ، ئىز - دېرىكىنى قىلىپ قارىسا ، دوستلىرىنىڭ باشسىز ياتقان جەستىنى دەرەخزارلىقنىڭ چەتلىرىدە كۆرۈشۈپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن قاغىلار ئەندىشىگە چۈشۈپ : «پادىشاھىمىز پۇقرالىرىنى يەپ تۈگىتىدىغان ئوخشايدۇ . ‹يېغىدىن يار بويى قاچ› دېگەندەك بۇ بالايى ئەزىم پادىشاھتىن كۆچۈپ كېتىپ قۇتۇلمىساق بولمىدى» دەپ مەسلىھەتلىشىپ ، تاڭ ئېتىشتىن سەل بۇرۇن ، ھەممىسى ھاۋاغا

كۆتۈرۈلۈپ قاياقلارغىدۇر كېتىپتۇ.[1]

× × ×

يۇقىرىقى قاغىلارنىڭ پاجىئەسى، ھاياتتىكى بىر ئىبرەتنى ئەسلىتىدۇ، قانداق ئەلدە ئىناقسىزلىق، تەبرىقچىلىك، بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش بولىدىكەن، ئۇ ئەلدە خاتىرجەملىك بولمايدۇ. ئۇنداق ئەلدە بىرىنى ئاق دېسە، يەنە بىرىنى قارا دەيدۇ، بىرىنى سېمىز ئىكەن دېسە، يەنە بىرىنى ئورۇق ئىكەن دەيدۇ، نەتىجىدە بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە يول بەرمەيدۇ، باشقىلار باشقۇرسا شۇنىڭغا رازى بولىدۇكى، ئۆزىنىڭ ئارىسىدىن باشقۇرغۇچى چىقسا ئۇنىڭغا كۆز ئالايتىدۇ، ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلىدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ ئىختىيارىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىدۇ-دە، ئاخىرى ئېغىر كۈلپەتتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. يۇقىرىقى قاغىلار مانا شۇنداق بىر قوۋمنىڭ خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىچىدىن بىرەر پادىشاھ سايلاپ چىقالماي، بۈركۈتنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنى، ھاياتىنى بىر ياۋۇز يىرتقۇچ قۇشقا تاشلاپ بەردى، ئۇ كۆرۈنۈشتە ئادالەتلىك بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە قاغىلارنىڭ بېشىدىن تۈڭلۈك ئېچىپ، مېڭىسىنى يەۋەردى، غەپلەتتە قالغان قاغىلار ئۇنىڭ يالغان ۋەدىلىرىگە گول بولۇپ، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىنى قۇربان بەردى.

ئۇلار شۇنى چۈشەنمىگەنكى، ئۆز تائىپىسىدىن ۋاپا كۈتەلمەيۋاتقان ئەھۋالدا ياتلاردىن ۋاپا كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆكۈزنىڭ پۇتى بولغاندىن موزاينىڭ بېشى بولۇشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنىڭ جازاسىنى تارتتى.

---

[1] يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تور ئادرېسى
www.uygurkitap.com

# يىلان باققۇچى

— زىياندىشنى يوشۇرساڭ ، زىيىنى ئۆزۈڭگە .
— خاتىرەمدىن

مەلۇم شەھەردە يىلانغا ھېرىس بىر ئادەم بار ئىكەن . كىشىلەر ئۇنى يىلانپەرەس ، يىلانخۇمار دەپ ئاتىشىدىكەن . ئۇنىڭ ئۆيىدە خېلى چوڭ بىر قەپىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستى ئەتراپىنى قېلىن رەختتە قاپلاپ ، ئىچىدە ئۈچ تال يىلاننى باقىدىكەن . ئۇنىڭ ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشى ، ئەتىگەن چايدىن كېيىن قەپەسنى كۆتۈرۈپ شەھەرنىڭ رەستە - بازارلىرىنى ئايلىنىدىكەن . باللار ، بىكار تەلەپ ئادەملەر توپلانغان يەرلەردە يىلان ئوينىتىپ ئاز - تولا رىزقى - نېسىۋە تاپىدىكەن . كەچ كىرگەندە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قەپەسنى كۈندىكى جايىدا قويىدىكەن . بۇ قەپەستە نېمە بارلىقىنى يا خوتۇنى ، يا باللىرى زادىلا بىلمەيدىكەن . ئۇ ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە بىر كۈنى ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ كەچتە قايتىپ كەلگەندە ، خوتۇنى ئۇنىڭدىن :

— ھەر كۈنى بۇ بىر نېمەڭنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىسەن ، ئاخشىمى قايتىپ كېلىسەن ، ئېيتقىنا ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئۇ كىشى خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىدىن تېرىكىپ :

— نېمە بارلىقىنى سوراپ نېمە قىلىسەن ؟ ئۆيدە ئۇن ، ياغ ، ئوتۇن تۈگەپ قالدىمۇ - يا ؟ سېنىڭ ئىشىڭ تاماق ئېتىش ، ئۆي

سۈپۈرۈش . خۇدانىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىل . ئايال دېگەن ئەركىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغىنى تۈزۈك — دەپتۇ . خوتۇنى ئاغزىنى يۇمۇپ لام - جىم دېمەپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە : «زادى نېمە باردۇ ؟» دېگەن ۋەسۋەسە چۈشۈپ ، ئولتۇرسا - قوپسا ئىچىگە جىن كىرىۋالغاندەك تىت - تىت بولۇپ يۈرۈپتۇ . ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىر «باللار تالادىن كىرسە ، ئاتاڭلاردىن ‹قەپەستە نېمە بار ؟› دەپ سوراڭلار دەپ كۈشكۈرتەي - دە ، ئۇنى باللار سورىسۇن . مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭدا نېمە بارلىقىنى بىلىمىز» دېگەن چارىنى تېپىپتۇ . باللىرىمۇ بۇ سىرغا قىزىقىپ :

— راست ئېيتىسەن ئانا ، ئۇنىڭ ئىچىدە بار نەرسىنى ئاتام بىزگە بەرمەي ئۆزى يەيدۇ ، تاتلىق ھالۋا ، قەنت - گېزەك بارمىدۇ يا ؟ بولدى ئاتىمىز تالادىن كىرسىلا ، ئىچىدىكى ئوبدان نەرسىنى بىزگە كۆرسەت دەپ تۇرۇۋالىمىز — دېيىشىپتۇ . ئاتىسى تالادىن قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ، باللار مەسلىھەتلەشكىنى بويىچە سوراپ تۇرۇۋاپتۇ .

ئاتىسى باللىرىغا كايىپ :

— نېمە بولدى سىلەرگە ، يا قورسىقىڭلار تويمايۋاتامدۇ ؟ ئەگەر يەيدىغان ، كىيىدىغان ، ئوينايدىغان نەرسە دېسەڭلار ، مەن سىلەرگە بازاردىن ئېلىپ بېرىمەن . قەپەسنىڭ ئىچىدە يەيدىغان ، ئىچىدىغان ، ئوينايدىغان نەرسە يوق . سىلەرگە زەرەرلىك ، ئەڭ خەتەرلىك نەرسە بار — دەپتۇ . بۇ گەپتىن باللارنىڭ قىزىقىشى بىلەن ئىشتىھاسى تېخىمۇ ئۆرلەپ :

— يەيدىغان نېمە بولمىسىمۇ ، ئىچىدىكى نەرسىنى كۆرمەي قويمايمىز . نېمشقا ئاتىمىزدىنمۇ يوشۇرىسەن . ئېچىپ كۆرسەت! بولمىسا ئۆزىمىزنى سۇغا تاشلاپ

ئۆلـۈۋالىمىز ، — دەپ يىغلىشىپتۇ . غەزەپتىن كۆزىگە قان تولغان ئاتىسى ، تازا بىر ئۇرۇپ ئاۋازىنى ئۆچۈرمەيمۇ؟ دەپ ئويلاپ ، نېرىقى ئۆيگە ھاسىسىنى ئەچىققىلى كەتكەن پەيتتە ، ئانىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ قەپەسنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن ، تىلىنى بىر غېرىچ سوزۇپ ، كۆزىدىن ئوت چاچرىتىپ تۇرغان ئۈچ يىلان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ، ئاۋۋال ئانىسىنى ، كېيىن بالىلارنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ . ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قايتىپ كىرگەن ئاتىسى ئەھۋالنى كۆرۈپلا ھوش - كاللىسى ئۇچۇپ ، بەدەر قېچىپتۇ .①

× × ×

ئائىلىدە ئۆزئارا ئىشەنچ بولمىسا بولمايدۇ . ئاتا - ئانا ۋە بالىلار ئارىسىدا مېھىر - مۇھەببەت بولمىسا ، ئارىدا بىر ۋەھىمە پەيدا بولىدۇ . ئادەم سىرلىق بولۇۋالغاندا باشقىلار ئارىسىدا تېخىمۇ سۇر پەيدا قىلىدۇ ، نەتىجىدە بىر - بىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ .

يىلان باققۇچى ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ، قەپەستىكى يىلاننى خوتۇن - بالىلىرىغا دەپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغان بولسا يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايتتى . بەزى بالىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۆزى قىلىۋاتقان بەزى ناتوغرا ئىشلارنى ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرىدىغان ئەھۋاللار بار ، ئەگەر ئىش شۇنداق سىر ساقلاش ، ئاتا - ئانىسىغا ئىشەنمەسلىك بىلەن ئۆتكەندە ئاخىر ئۆز ھالاكىتى ئارقىلىق يارىسىنى ئاشكارىلايدۇ - دە ، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن نېمە پايدا . شۇڭا ، ئادەم سەممىي بولۇشى كېرەكتە .

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

# ئوغرىلارنىڭ دامىغا چۈشكەن يىگىت

— ئات ئايلىخانىنىڭ، يول سارىخانىنىڭ.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بىر توپ مېۋە ئوغرىسى ئۆگەنگەن ئادىتى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، مېۋىلىك باغلاردىن بىرىگە ئوغرىلىققا كىرمەكچى بولۇشۇپتۇ. مېۋىلىرى راسا مەي بولغان بىر باغنى كۆرۈپ: «مانا مۇشۇ باغنىڭ مېۋىسى تولا ئىكەن. ھە، قانداق ئالىمىز؟» دەپ مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، باغنىڭ تېشىدىكى يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياش يىگىتنى كۆرۈپ:

— ھەي يىگىت، ماۋۇ باغدىكى مېۋىلەرنىڭ شۇنچە ئوبدان پىشىپ كەتكىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ شاخلىرىدا مەي باغلاپ كېتىپتۇ. بىز ماۋۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ شېرىن مېۋىلەردىن يەپ باققۇمىز كېلىپ قالدى. سەنچۇ، يەل - يېمىشكە مەيلىڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ. يىگىت ئۇلارغا:

— مەيلىم بولمايچۇ، مەن يەل - يېمىشكە بەك ئامراق. كەچكىچە نان يېمەي مېۋىلا يېسەممۇ قانمايمەن — دەپتۇ.

— بەللى، بەللى، يىگىت دېگەن مېۋىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ - دە، ئۇنداق بولسا، ماۋۇ تاغار، سېۋەتلەرگە لىققىدە قاچىلاپ ئېلىۋېلىپ ئەتە - ئۆگۈن، ئىنىدىنغىچە ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ يېمەمدۇق. سەن ئاۋۋال ماۋۇ ياغاچنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ياغىچنى سىلكىپ قېقىۋەر. بىز تاغار - سېۋەتلەرگە قاچىلاپ تولدۇرۇۋېرەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنە ئاۋۇ ئانار، بېھى، ئامۇت، ئالما ··· بىر - بىرلەپ، ھەرقايسىسىدىن ئالىمىز.

— بولىدۇ، بىكاردىن ياغاچ بولسا، كېچىچە قاقسامۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھارمايمەن، — دەپتۇ يىگىت.

ئوغرىلار يىگىتنىڭ ساددىلىقىنى بىلىپ: «ئەجەبمۇ ياخشى گەپ قىلدىڭ يىگىت. ئارىمىزدا ھەممىمىزدىن سەن چاققان، كۆزۈڭ روشەن، زېھنىڭ ئۆتكۈر بالا ئىكەنسەن. ياڭاقنىڭ ئۈستىگە چىققىن ـ دە، شاخلىرىنى ئۇرۇپ ـ قېقىپ چۈشۈرۈۋەر، بىز تېرىۋېرەيلى. تاغارلار توشقاندا تەڭ بۆلۈشۈۋالىمىز، — دەپتۇ. يىگىت پېشىنى قىستۇرۇپ، يېڭىنى تۈرۈپ شاخقا چىقىپ، ياڭاق قېقىشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن باغدىكى شاراق ـ شۇرۇق ئاۋازنى ئاڭلىغان باغۋەن باغقا كىرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ ـ دە:

— ھاي، ھاي بالىلار! نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ كىشىنىڭ بېغىغا تارتىنماي كىرىپ، مېۋە ئوغرىلىغىنىڭلار نېمىسى؟ باغنىڭ مېۋىلىرىنى سىلەر ئۈچۈن پىشۇرۇپتىكەنمەنمۇ؟» — دەپتۇ. ئوغرىلار ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماي:

— كايىما ئاقساقال، بۇ باغ سىزنىڭمۇ يا باشقا بىرىنىڭمۇ؟ بۇنى بىلمەيمىز. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتساق ئاۋۇ دەرەخ تۆپىسىدىكى يىگىت ياڭاقلارنى يەرگە تاشلاۋاتقانىكەن، ھېچكىم ئۇنى تېرىۋالمايۋېتىپتۇ. بىكار ياتقان ساينىڭ تېشىنى ئالمىغان بىلەن، يەردە چېچىلىپ ياتقان ياڭاق دېگەننىمۇ ئالمامدۇ كىشى. ئاشۇ يىگىت باغنىڭ ئىگىسى بولسا كېرەك، ياڭاقلارنى تېرىۋاتساق، توساق تۇگۇل تېخىمۇ كۆپرەك ئىرغىتىپ بەردى. باغۋەن ئاكا، گەپ مۇشۇ، — دەپتۇ. باغۋەن ئاچچىق بىلەن:

— ھەي ياڭاق قېقىۋاتقان يىگىت، يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئاڭلىدىم باغۋەن ئاكا، ئۇلار يالغان سۆزلەۋاتىدۇ. مەن يولدا كېتىۋاتسام، باغنىڭ تېشىدا بۇ ئادەملەر ئۇچراپ:

«بىز ياڭاق تەرمەكچى بولۇۋاتىمىز، سەن ياش بولغاندىن كېيىن دەرەخ تۆپىسىگە چىقىپ بىزگە ئىرغىتىپ بەرسەڭ،

چۈشكەندە ساڭا تويغۇدەك ياڭاق بېرىمىز » دېدى . شۇڭا ياڭاق قېقىۋاتىمەن . باغ كىمنىڭ ؟ ياڭاق كىمنىڭ ؟ ھېچنېمىنى بىلمەيمەن دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

— ياڭاقتىن بىرەرنى يېدىڭمۇ ؟

— نەدىكىنى ، ئالدىرىتىپ قولۇم بوشمايۋاتسا ، يېگىلى نەدىكى چولا .

«ناھايىتى ياخشى قىپسەن! ھەي ئادەملەر ، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار . ماڭا ئەمدى ئاشۇ دەرەخ تۆپىسىدىكى يىگىتلا جازالاشقا يېتىدۇ» دەپتۇ . ئوغرىلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە باغدىن چىقىپ كېتىپتۇ . باغۋەن يىگىتنى تۇتۇپ ، بولغۇچە دۇمبالاپ جازالاپتۇ .[1]

× × ×

يامانلارغا يان تاياق بولۇش ، پىتنە - پاساتچىلار بىلەن بىر يولدا بولۇش ئادەمنى ئاخىرى قۇرۇق تۆھمەتلەرنىڭ قۇربانى قىلىدۇ . يىگىتنىڭ بۇرچى ئەسلى ئوغرىلارنى باشقىلارنىڭ مېۋىسىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن توسۇش ئىدى . بىراق ئۇ ساددىلىق بىلەن ئوغرىلارنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا ئالدىنىپ ، ئۇلارنىڭ يامانلىقىغا ھەمكارلاشتى . ئاقىۋەتتە يېمىگەن ياڭىقى ئۈچۈن بىر پاتمان كالتەك يەۋالدى .

تۇرمۇشىمىزدا ئاشۇنداق ئادەملەر بار ، نۇرغۇن ئىشنى ئۆزى تېرىپ قويۇپ ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققاندىن كېيىن ، باشقىلارنى قۇربانلىققا تۇتۇپ بېرىپ ، ئۆزلىرى سىغىزخاندىن ساق بولۇۋالىدۇ . بۇنداق زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىشنىڭ ياخشى يولى ، يامان نىيەتتىكىلەر بىلەن بولغان سەپتىن چېكىنىپ چىقىش .

[1] يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تاربىسى

# يامان نىيەتلىك تېۋىپنىڭ دورىسى

— يامان نىيەتلىك ئادەم ئۆلۈك تەرەپنى كۆرسەتسە ،
«بولىدۇ» دەپ قويۇپ سول تەرەپكە يول ئالغۇلۇق .
— خاتىرەمدىن

ئۆتكەن زاماندا بىر سودىگەر ماللىرىنى ئېلىپ بىر شەھەرگە كەپتۇ . پۇختا ياسالغان ۋە چىرايلىق جابدۇلغان بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ، ماللىرىنى چۈشۈرۈپتۇ . بۇ شەھەرنىڭ ئوغرىلىرى يېڭى كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ چۈشكەن جايلىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن دائىم تىڭ ـ تىڭلاپ يۈرىدىكەن . ئەمما بۇ سودىگەرنىڭ چۈشكەن جايى پۇختا بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرەر يېرىدىن كىرىشنىڭ ئامالىنى قىلالماپتۇ . ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بىر ئامال تېپىپتۇ . ئۇ ئۇچىسىدىكى ئادەتتىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ، بىر تېۋىپنىڭ كىيىمىنى كىيىپتۇ ـ دە ، خۇرجۇنىنىڭ ئاغزىغا دورا ـ دەرمەك ، لازىملىق نەرسىلەرنى سېلىپ كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ :

ئىلاج ، ئىلاج!
ھەر كېسەلنىڭ داۋاسى بار .
ھەر ئاغرىقنىڭ شىپاسى .
كىمدە قانداق بولسا بىمار .
ئادا تاپقاي مۇددىئاسى .
ئىلاج ، ئىلاج!

دەپ تولۇپ ئېيتىپتۇ . ھەر ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقىلدىتىپ ، ھەر كوچىدىكى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىغا قارىماي ، ئاخىر سودىگەر چۈشكەن ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ . بۇ چاغدا سودىگەر ھويلىدا غىزا يەپ ئولتۇرغانىكەن . ئىشىكنى تاقىلدىتىپ نىدا قىلىۋاتقان تېۋىپنى كۆرۈپ :

— تەقسىر ، بۇ يەردە ئاغرىق كىشى يوق . ئۆزۈڭ ئەتىدىن كەچكىچە تولاپ ئاۋازىڭ پۈتۈپ كەتكەندەك تۇرىدۇ ، كەل قېنى ، ئازراق ئۇسسۇلۇق ئىچىۋېلىپ ئاندىن تولا ، كېسەلنىمۇ ئاندىن داۋالا ، — دەپتۇ .

— «بەللى ، ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە ··· دېگەن گەپ بار ئىدى . نېسىۋەم بار ئىكەن ، — دەپ داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئوخشىغان پولۇنى بىرنەچچە يالماپلا تۈگىتىپتۇ ، دۇئادىن كېيىن :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇمغا تاماق بىلەن جاۋاب بەرگەن ياخشى كىشىنى قۇرۇق قويسام بولماس . ئاغرىقىم يوق دېمە خوجايىن ، كېسەلسىز ئادەم بولمايدۇ . (چىراي كۆرۈپ ھال سورا ) دېگەن گەپ بار . چىرايىڭغا سەپسېلىپ قارىسام ، ئاشقازىنىڭدا كېسەل بار ئىكەن . مۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك ، — دەپتۇ .

سودىگەر گۇمان بىلەن :

— ئىشتىھايىم ياخشى ، نېمە يېسەم سىڭىدىغۇ ؟ — دەپتۇ .

— سەن بىلمەيسەن ، كېسەل دېگەن باشتا يوشۇرۇن باشلىنىدۇ . كىشى ئۇنى تۇيمايدۇ ، بىر كۈنى شۇنداق تۇتۇدۇكى ، كۆتۈرۈپ باسىدۇ . كۆزۈڭنىڭ ئېقىدىنلا ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ تۇرمامدۇ ؟ — دەپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ئازراق دورا يەپ باقاي .

— مانا بۇ دورىنى قايناق سۇ بىلەن ئىچىۋەتكىن دەپ «سەبرى سۇقۇتىرى» دېگەن دورىنى بېرىپتۇ - دە ، كەچتە ياتىدىغان

www.uyghurkitap.com

چاغدا ئىچمىشنى تاپشۇرۇپ كېتىپتۇ . سودىگەر بۇ دورىنى ئىچىپ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئىچىنى سۈرۈپ ، تاڭ ئاتقۇچە خالاجايغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ . ئەتىسى تېۋىپ يەنە كېلىپ ، ھالىنى سورىغانىكەن ، سودىگەر ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ . تېۋىپ :

— «ئادەمنىڭ ئىچىنى بىر قېتىم تازىلىۋەتكەن پايدىلىق ، مەيدىدىكى ئىللەتلەرنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ ، ئەمدى بۇ دورىنى ئىچكىن ، — دەپ يەنە بىر خىل دورا بېرىپتۇ . ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە سودىگەرنىڭ ئۈچەيلىرى تىتىلىپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ . ئوغرىلار ئەتىگەن ئۇنى ئۆيدە ئۆلۈك كۆرۈپ ، پۇل - ماللىرىنى ئېلىپ راۋان بوپتۇ » .①

× × ×

يۇقىرىقى ھېكايىنىڭ بىزگە ئىبرەت بولىدىغان مۇھىم ئىككى تەرىپى بار . بىرى ، يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماسلىق ، ئۇلار ياخشى دىگەننى يامان بىلىش ، يامان كۆرسەتكەننى ياخشى دەپ بىلمەك كېرەك . تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئېزىتقۇ ئادەملەر بولىدۇ ، ئۇلار نۇرغۇن يامان ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ ماختاپ ياخشى دەپ كۆرسىتىدۇ ، ياخشى ئىشلارنى بولسا قارىغاپ ، يامان كۆرسىتىدۇ . ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن ياخشى - ياماننىڭ چېگرىسىنى پەم قىلالمىغاندا ئوڭايلا ئېزىقىپ گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ . بىر كۈنى بىر ئاق تاماكا چېكىپ ئائىلىسىنى سورىۋەتكەن ، ئۆزىنى ھەم خاراب قىلىپ نەچچە يىل تۈرمىدە ياتقان بىر بالا بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم . مەن ئۇنىڭغا «بۇ نىجىس چېكىملىك نۇرغۇن باللارنى ئۆزىنىڭ زۇلمەت خانىسىگە ئېلىپ كىرىپ نابۇت قىلدى ، كىنو - تېلېۋىزورلاردا ئۇنىڭ قانچىلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ ئىبرەتلىك خەۋەرلەرنى بەردى .

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قانداقمۇ بۇ يولغا كىرىپ قالغانسەن» دېسەم، ئۇ: «ئاغىنە بالىلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرساق، بىرقانچەيلەن ئۇ تاماكىنى شۇنچىلىك ماختاپ ئۇچۇردىكى مېنىڭ ھەۋەسىمنى قوزغاپ قويدى، بىراق يەنىلا ئۆزۈمگە هاي بېرىپ، ئۆزۈمنى تارتسام ‹بىرەر قېتىم چېكىپ قويغانغا نېمە بولماقچىتى، ئوغۇل بالا دېگەن بۇنىمۇ بىر كۆرۈپ باققۇلۇق، كىنو - تېلېۋىزور دېگەن نەرسە ھەرقانداق ئىشنى كۆپتۇرۇۋېتىدۇ، مانا بىزمۇ ئۆزۈن بولدى چېكىۋاتىمىز، ھېچ ئىش بولمىدۇقۇ› دەپ زورلىغىلى تۇردى. مەن ئوغۇل بالىلىقىمغا ئېلىپ قىلىپ قاپتىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىپ قالدى. ئاخىرى مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. ئوغۇل بالا بولىمەن دەپ، باشقىلارنىڭ ۋەسۋەسە، دەي - دەيلىرىگە كىرىپ ئاخىر ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشقا باردىم. بىرقانچە يىللىق گۈزەل چاغلىرىم تۈرمىدە ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئەمدى ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالماي، سەرسانلىقتا قالدىم» دېدى.

ھەرقانداق يامان ئىشنى بىر قېتىم قىلىشمۇ گۇناھ، ئۇمۇ ئادەمنى قارا قىلىشقا يارايدۇ.

يەنە بىرى، يۇقىرىقى سودىگەر، ئۆزى ساپساق تۇرۇپ يالغان تېۋىپنىڭ زەھەرلىك دورىسىنى يەپ، بار - يوقىدىن ۋە جېنىدىن ئايرىلدى. شۇڭا ھازىرقى جەمئىيەتتە يالغان تېۋىپ، يالغان دوختۇرلار كۆپىيىپ كەتتى، يالغان دورىلار تېخىمۇ كۆپ، شۇڭا ئادەم كېسەل بولۇپ قالغاندا، ناباب، ساپاسىز تېۋىپ، دوختۇرلارغا كۆرسەتمەي، چوڭ دوختۇرخانىلارغا كۆرسىتىش كېرەك. دورا دېگەننى كەلسە - كەلمەس يەيدىغان نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئولجا بۆلۈشۈش

— ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا .
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بىر توپ تۈلكىلەر ئوزۇق ئىزدەپ دالىغا چىقىپتۇ . ئويمان-چۇقۇر ، ئېگىز ـ پەس يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قېدىرىپ ، ھېچنېمە تاپالماي ، ھېرىپ ـ ئېچىپ بىر دۆڭلۈككە كەلسە ، بىر تۆگىنىڭ ئۆلۈكى تۇرغۇدەك . بۇنى كۆرگەن تۈلكىلەر ئوقتەك ئېتىلىپ :

— «مانا ئوزۇق! ھاي ، ھاي! خۇدا بىزنىڭ رىزقىمىزنى كەم ياراتماپتىكەن . بىرقانچە كۈن توق ـ باياشات ھايات كەچۈرۈشىمىزگە بۇ زور مەخلۇقنىڭ گۆشى يېتىدۇ . بىر تەرەپتىن تارتىشلاپ يەۋەرسەك بولدى ـ دە ، — دېيىشىپ ، ھەر تەرەپتىن ئېلىشىپتۇ . ئارىدىن بىرى ۋارقىراپ :

— ھاي ، ھاي توختاڭلار ، بۇغۇ تاغدەك يوغان نېمە ، بىر تەرەپتىن غاجىلاپ يەۋەرسەكمۇ يېتىدۇ . لېكىن بىز تۈلكىلەر بىر- بىرىمىزدىن ئەپچىل ، قۇۋ كېلىمىز . ئاجىزلار بىر لوقما ئالغۇچە كۈچلۈكلەر بىرمۇنچىنى يەپ قويىدۇ ، بۇنداق يېيىش ئادىل بولمايدۇ . ئاخىر بېرىپ بىر ـ بىرىمىزدىن گۆش تالىشىپ جېدەل چىقىپ قالمىسۇن . ياخشىسى ، ھەربىرىمىزگە لىللا تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان بىر ئاقساقال ـ بەگ تېپىۋالساق ، — دەپتۇ . يەنە بىرى :

— توغرا مەسلىھەت ، مېنىڭ بىر بۆرە دوستۇم بار ئىدى .

شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ، گۆشىمىز تۈگىگۈچە بىزگە پادىشاھ بولۇپ بەرسەڭ دەپ ئىلتىماس قىلساق قانداق؟ — دەپتۇ . ھەممىسى بىر ئېغىزدىن :

— ئوبدان گەپ ، بولىدۇ ! — دېيىشىپتۇ .

تۈلكىلەر بۆرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— بۆرە ئاكا ، بەختىمىزگە يېسەك تۈگىمەيدىغان تاغدەك چوڭ ئوزۇقلۇق تېپىۋالغانىدۇق . بىز تۈلكىلەر نەپسى يامانراق كېلىمىز . تەڭ يېمەي ، بىر - بىرىمىزنىڭ ھەققىنى يەۋېلىپ تالىشىپ قالمايلى ، دەپ ئالدىڭىزغا كەلدۇق ، ئۆزىڭىز بىزگە ھاكىم بولۇپ ، ئادىللىق بىلەن گۆشىمىزنى تەقسىم قىلىپ بەرسىڭىز ئىكەن ، — دېيىشىپتۇ . بۆرە بۇنىڭغا رازى بولۇپ :

— ياخشى مەسلىھەت قىلىپسىلەر . بۇنىڭدا خېلى تەجرىبەم بار . ئادىللىقىمنى ئۆزۈڭلار كۆرۈپ قالارسىلەر . تەقسىملەپ بېرەي . قېنى ئەمسە ، تاپ قېشىغا باشلاڭلار ، — دەپتۇ . بۆرە تۆگىنىڭ گۆشىنى كۆرۈپ تاڭ قېلىپ ، قولىغا پىچاق ، پالتىنى ئاپتۇ - دە ، بىر پارچە - بىر پارچىدىن تىلىپ تەگمۇتەڭ كېسىپ بېرىپ :

— قورساقنى گۆشلا ئەمەس قانائەت تويغۇزىدۇ . قانائەتنى دوست تۇتماي ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەۋەرسەڭ ، تۆگە تۇرماق تاغ بولسىمۇ توشمايدۇ . قالغان گۆشلىرىڭلار مانا شۇنچىلىك بار . ئىنساپ بىلەن يېسەڭلار خېلى ئۇزاققىچە يېتىدۇ . ئەمدى ئۇۋىلىرىڭلارغا قايتىپ ، يېگەننى سىڭدۈرۈپ يېتىڭلار - دە ، ئەتە كېلىڭلار ، ئۇرۇش - تالاش بولمىسۇن! ئىنتىپاقلىق بىلەن يېگەن ئاش بەدەنگە ئاسان سىڭىدۇ ! — دەپتۇ . تۈلكىلەر بىر - بىرىگە :

— بۆرە دېگەن ناھايىتى قارام ، ئاچ كۆز كېلەتتى . ئۇنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى قاراڭلار ، نېمىدېگەن توغرا ، نېمىدېگەن

ھەقىقەت . ئۇ راستتىن ئادىل ھاكىم بەگدەك ئىش قىلدى ، — دەپ پىچىرلىشىپ ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىپتۇ . ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بۆرە ئۆلۈك تۆگىنىڭ يۇمشاق يېرىدىن بىر قاساپ ئېلىپ يەپ : 〈 ياپىر ، تاتلىق تائام دەپ مانا مۇشۇنى دېسە بولىدۇ . بۇنى تالىشىپ يېسە تاتلىقلىقى بولاتتىمۇ ؟ ئوكچە يېسىلا ، ئاندىن لەززەتلىك بولىدۇ - دە ، مېنىڭمۇ قانجۇق ھەمراھىم ، باللىرىم بار ئەمەسمۇ ؟ خۇدا ئەقىل دېگەننى مېنىڭ كاللامغىمۇ لايىق بەرگەن ئەمەسمۇ ؟ بۇنداق ئامەتنى قولدىن چىقىرىپ قويسام بولماس ، — دەپ ئويلاپ ، تۆگىنىڭ قالغان گۆشىنى ئۆز ئۆۋىسىغا ئاپىرىۋاپتۇ .

ئەتىسى تۈلكىلەر ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئالغىلى كەلسە ، بۆرە قاپىقىنى سىلىپ ، تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ ئولتۇرغۇدەك .

— تەقسىر ، كۈچۈكلىرىمىزنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالدى ، گۆشىمىزنى يەنە تۈنۈگۈنكىدەك ئادىل تەقسىملەپ بەرسىڭىز ئىكەن » دەپتۇ .

— تېگىشلىك نېسىۋەڭلارنى تۈنۈگۈن ئالدىڭلار ، ئەمدى بۆلگۈدەك گۆش قالمىدى . ئۆزۈمگىمۇ قالمىغىلى تاس قاپتۇ . قالغان ئازراق گۆش ماڭا تەۋە ! — دەپتۇ .

تۈلكىلەر لام - جىم دېيەلمەي تارقىلىپ ، كەچكىچە دالىدا تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپتۇ . ئەتىسى يەنە بۆرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئۇششاق بالا - چاقىلىرىمىز بار ئىدى ، ھۆرمەتلىك بۆرە غوجام ، ئۆزىڭىز ئادىل پادىشاھ تۇرۇقلۇق ئاغزىم بار دەپ كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋەرسىڭىز بولمايدۇ . ئۆزىمىز مىڭ تەسلىكتە تاپقان ئولجا گۆشىمىزنى ئۆزىمىزگە بەرمىسىڭىز زورلۇق ، ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ ؟ نېسىۋىمىزنى قايتۇرۇپ

بېرىڭ ، بىز پادىشاھ بولمىسمۇ ياشاۋېرىمىز ، — دېيىشىپتۇ .

— دىڭگىيىپ تۇرغان قۇلاقلىرىڭغا زادىلا گەپ كىرمەيدىغان نادان نېمىلەر ئىكەنسىلەر ! — قالغان تاپ مېنىڭ نېسىۋەم دېدىمغۇ! ئۆزۈڭلارنىڭ گۆشلىرىنىمۇ تۆگىنىڭ گۆشىگە قوشۇپ بېرەيلى دېمەيدىغان بولساڭلار ، كۆزۈمدىن يوقىلىش! دەپ بىر ۋارقىراپ چىشىنى ھىڭگايتقانىكەن ، تۈلكىلەر شامال ئۇچۇرغان توزغاقتەك تىتىرەپ قېچىشىپتۇ .①

× × ×

ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلالمىغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلالمىسا ، باشقىلار قانداقمۇ كۆڭۈلدىكىدەك قىلسۇن ، باشقىلارنىڭ ئىشى تومۇزدا قول توڭدۇرار دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ . بولۇپمۇ يۇقىرىقى ئاچ كۆز ، ئىنساپسىز تۈلكىلەرنىڭ بىر زوراۋاننى يەنى بۆرىنى ئۆزىنىڭ ئۈلجىسىنى بۆلۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشى ، خۇددى بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەندەكلا ئىش ئەمەسمۇ . بۇ ئىشتا بۆرىدىن ئاغرىنىش كېرەكمۇ ؟ ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئاغرىنىشى كېرەكمۇ ؟ گەرچە سىلەر تۈلكىلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ ، بۆرىنى قارىلىشىڭلار مۇمكىن . بىراق ، ئىش تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە . بۆرىدە گۇناھ يوق ، چۈنكى ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇ ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز تەبىئىتىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ ، ئۆز تەبىئىتىگە ئاسىيلىق قىلسا ، ئۇ بۆرە بولالمايدۇ . بۆرىنىڭ ئولجىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى بىلەن تۈلكىلەرنىڭ ئۈلجىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى ، تۈلكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى ، ئاچ كۆزلۈكى ، بىر - بىرىگە يول قويۇشمىغانلىقى ئۈچۈن ، بىر ئوبدان ئولجىسىنى تەڭ تارتىشىپ

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

يېيىشەلمەي ، ئۇنىڭغا بىر زوراۋاننى ئۆز ئىختىيارىچە تەكلىپ قىلدى ، يەنە تېخى بۆرە خېلى ئىنساپلىق ئىكەن ، قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇلارغا بىرەر لوقمىدىن گۆش بەردى ، ئەگەر بىرەر پارچىمۇ بەرمىسە يەنىلا تۈلكىلەر ھېچ ئىش قىلالمايتتىغۇ . بۆرە ئولجىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۇ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماي ، بالىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئويلاپ ئېلىپ كەتتى ، بۆرىنىڭ ياخشى بىر خاراكتېرى باركى ، ئۇلار تاپقان ئولجىسىنى تەڭ تارتىشىپ يەيدۇ ، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ «بۆرىنىڭ ئورتاق ، قۇزغۇننىڭ ياغاچ بېشىدا» دېگەن تەمسىلى بار .

دېمەك ، يۇقىرىقى ھېكايىدىن تۈلكىلەر بۇ بالانى ئۆزى تاپتى ، دەپ قاراشقا بولىدۇ . ئۇنىڭ دەۋاسىمۇ ئەلۋەتتە ئۆزىدىن تېپىلىدۇ .

# چىل قۇشنىڭ تاشپاقىنى دوست تۇتۇشى

— ئۆزۈڭنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىڭنى يوقىتىپ، باشقىلارنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ياشاش قائىدە قىلغان چىل قۇشقا ئوخشاش ھالاك قىلىدۇ.

— خاتىرەمدىن

بىر جاڭگالنىڭ ئوتلىرى قويۇق، سۈيى ھەمىشە ئېقىپ تۇرىدىغان، ياۋا مېۋىلىرى كۆپ بىر يېرىدە بىر توپ تاشپاقىلار ياشايدىكەن. يىراق، جايلاردا ئۇچۇپ يۈرۈپ ئۇسساپ كەتكەن چىل قۇش مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۇنى كۆرۈپ يەرگە قونۇپتۇ - دە، سۇ ئىچىپ، سەكرەپ ئولتۇرۇپتۇ. قېلىن ئوتلار ئارىسىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن تاشپاقىلار ئۇنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە:

— دوستۇم، ئەنە ئاۋۇ قۇشقا قارىغىنا، ئۇ ھەممە قۇشلار پادىشاھىنىڭ شاھزادىسىگە ئوخشىمامدۇ؟ باشقا قۇشلار جۈپى - جۈپى بىلەن يۈرەتتى. ئۇ يالغۇز يۈرۈپتۇ. ئەگەر ئۇ بويتاق بولسا بىز بىلەن قۇدىلاشماقچىمۇ نېمە؟ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ دوستلىقىمىزنى بىلدۈرسەك قانداق؟ — دېيىشىپتۇ. كەچتە تاشپاقىلار ئۇۋىسىغا كىرىدىغان چاغدا دەرەخنىڭ پەسرەك پۇتىقىدا ئولتۇرغان چىل قۇشقا قاراپ:

— ھەي دوستۇم قانداق، ئەھۋالىڭ، ئۇزاق جايلارغا ئۇچۇپ بېرىپ ھېرىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى. سۈيى ئوبدان، ئوزۇقلۇق - نېمەتلىرىمۇ خېلى كۆپ، بوش

ۋاقتىڭدا كۈندە كېلىپ مەشەدە ئارام ئالغىن، — دەپتۇ.

چىل قۇش ئۇلارنىڭ مۇنچىلىك خۇش مۇئامىلە، خۇش پېئىللىقىدىن رازى بولۇپ، كۈندۈزلىرى ئوزۇق ئىزدەپ يىراقلارغا كېتىپ، كەچتە قايتىپ كېلىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى تاشپاقىلار:

— دوستۇم، سەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، كۈندۈزلىرى ئۇزاققىچە سېنى كۆرمەي سېغىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. ھەتتا ئۆزۈڭ يالغۇز يىراققا كەتكىنىڭدىن ئەنسىرەپ قالىدىكەنمىز، — دەپتۇ. چىل قۇشمۇ ئۇلارغا:

— مېنىڭمۇ سىلەرنى كۆرگۈم كېلىپ قالىدىكەن. يىراقلارغا بېرىپ دانلىمىسام بولمىغاچقا، كېتىپ قالىمەن-دە، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئەتىدىن باشلاپ يىراققا ئۇچماي، مۇشۇ يەردە بىز بىلەن بىللە بولغىن. بىزنىڭ يەيدىغىنىمىزمۇ ئوت ئۇرۇقى ئەمەسمۇ؟ سەنمۇ ئوت ئۇرۇقى، يەل - يېمىش يەيسەن، سەن مېنىڭ ئۈستۈمگە قونۇپ ئولتۇرسەن - دە، مەن سېنى ئوت-چۆپى جىق، يېمەكلىكى تولا جايلارغا ئېلىپ بارىمەن. سەن ئۈستۈمدە پارىڭىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرسەن - دە، دەپتۇ تاشپاقا.

چىل قۇش تاشپاقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىر كۈن يايراپتۇ. قورسىقى تويۇپ، ساياھىتى كۆڭۈللۈك بولۇپ، بىر كۈنلۈك تۇرمۇشى يامان ئۆتمەپتۇ. ئەتىسى باشقا بىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۈننى تۈنۈگۈنكىدەك ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەت، يېقىنلىق ئورنىتىپ، بىر - بىرىنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان بولۇشۇپتۇ. چىل قۇش كېچىچە پۇتاقتا يالغۇز

ئۆلتۈرۈپ زېرىكسە ، تاشپاقىلار ئۆۋىسىدا چىل قۇشنىڭ چىرايلىق رەڭگىرويى ، زىلۋا بوي - تۇرقىنى ئەسلەپ بىر - بىرلىرى بىلەن كوتۇلدىشىپ چىقىپتۇ . تاشپاقىلار ئەتىسى ئۆۋىسىدىن چىقسا ، چىل قۇش يوق ئىكەن . ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ :

— ئاچا - سىڭىللار ، ھەممىمىز بۇ چىرايلىق قۇشنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرمىسەك تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدۇق . ئۇ مۇشۇ كەتكەنچە بىرەر يىرتقۇچنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالارمۇ ، — دەپ ئەنسىرەيمىز . ئۇنى ئامال بار يېنىمىزدىن ئايرىمايدىغان قىلساق دەيمەن ، — دەپتۇ . ئارىدىن بىرى :

— بولدى غەم يېمەڭلار ، ئۇنى بىز بىلەن ھەمىشە بىللە بولىدىغان قىلىش يولىنى مەن تاپتىم ، تاپتىم ، — دەپتۇ . ھەممىسى خۇشاللىقتىن ئويناقشىپ كېتىپتۇ . چىل قۇش قايتىپ كەپتۇ . ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ ، پاراڭغا چۈشكەندە ، ھېلىقى ئامال تاپقان تاشپاقا :

— ھەي غوجام ، سەن بىلەن بىز ناھايىتى يېقىن دوستلۇق ئورناتتۇق . دوستلۇقنىڭ شەرتى ئامال بار بىللە بولۇش ؛ ئايرىلىش — ھىجران دېگەن سۆز . ئۇنىڭ دەردى - ھەسرىتى بار دېگەن گەپ . ئەتىگەن تاڭ بىلەن كېتىپ ، كەچتە بىردەم كۆرۈشۈش ، ئەتىگەندىن - كەچكىچە بىللە بولساقمۇ ، كېچىسى يەنە ئايرىلىپ كېتىش ، بۇ بىزگە ئېغىر ھىجران ئازابى بولدى . شۇڭا كېچىسىمۇ بىللە بولساق دەيمىز ، قانداق دەيسەن ؟ — دەپتۇ .

— راست ، مەنمۇ شۇنداق بولسا دەيمەن . مېنىڭمۇ سىلەردىن بىردەم ئايرىلغۇم يوق . سىلەرچە قانداق قىلىمىز ؟ — دەپتۇ .

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئاسان غوجام ، — دەپتۇ ھېلىقى تاشپاقا ، — چىشى دېگەن بىزدە بار ، قانىتىڭنى قىرقىپ تاشلىۋەتسەكلا بولمىدىمۇ ، شۇ چاغدا كېچە - كۈندۈز بىز بىلەن بىللە بولىسەن - دە . بىز بىلەن بىللە بولساڭ ئاچمۇ قالمايسەن ، ئۈستىمىزدە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىسەن ، ئاخشىمى بىللە بولىمىز .

— ئۇنداق بولسا ، قانىتىمنى قىرقىڭلار ! — دەپتۇ .

چىل قۇشنىڭ قانىتىنى تاشپاقىلار چىشلەپ بىر دەمدىلا قىرقىۋەتكەندىن كېيىن ، كەچكىچە بىللە ئوتلاپ يۈرۈپتۇ . كەچ كىرگەندە تاشپاقىلار ياتىدىغان قومنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ . چىل قۇش بولسا ، دالىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ . قانىتى بولمىغاندىن كېيىن يا بىرەر دەرەخكىمۇ ئۇچۇپ چىقالماپتۇ ، چىل قۇشنىڭ قانىتىنى قىرقىشنىڭ ئامالىنى تاپقان تاشپاقىلار ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن قومنىڭ ئىچىگە كىرىشكە ئامال تاپالماپتۇ . شۇ كېچە بىر ياۋا مۈشۈك كېلىپ ، چىل قۇشنى تۇتۇپ يەپ كېتىپتۇ .①

× × ×

يۇقىرىقى چىل قۇشنىڭ ۋەقەسىدە يۇقىرىقى ھېكايىلەردە ئەكس ئەتكەندەك ، ئالداش ، ئالدىنىش ، سەمىمىيەتسىزلىك ، قۇۋلۇق ، شۇملۇق يوق ، ئۇنداق بولسا چىل قۇش نېمە ئۈچۈن ئېچىنىشلىق ۋەقەگە ئۇچراپ قالدى ؟ ئۇ ئۆزىگە چېكىنىش يولى قالدۇرۇپ قويمىدى . ئەگەر تاشپاقىلار بىلەن بولغان دوستلۇق سەۋەبلىك ، بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسام ، قانداق قىلىمەن ، تاشپاقىغۇ قومغا كۆمۈلۈپ جېنىنى قۇتۇلدۇرىدۇ ، مەن قانىتىم بولمىسا قانداق قىلىپ بالا تۈزىقىدىن قۇتۇلۇپ قالالايمەن ، دېگەننى ئويلاپمۇ قويمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئوبدان قانىتىنى كەستۈرۈۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ ئىقتىداردىن مەھرۇم بولۇپ

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

قالدى .

يەنە بىر تەرەپمۇ بار ، چىل قۇش پەقەت ئىشنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرۈپ ، يەنە بىر تەرىپىنى كۆرمىدى ، ئىشنىڭ يەنە بىر تەرىپى نېمە ئىدى ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە يارىشا مۇستەقىل ياشاشنى ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۈن ئېلىشنى تەرك ئېتىپ بىر دەملىك ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ئەركىنى قۇربان قىلدى .

شۇنىڭدەك ھەرقانداق بىر قوۋمنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش يولى بولىدۇ ، ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم كاپالەت ، ئەگەر ئۇ قوۋم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى باشقىلارنى دوراش ھېسابىغا ئۆزگەرتىۋېتىدىگەن ، مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم ئەڭگۈشتەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ ـ دە ، ئۇ چاغدا ئۆزىگىمۇ تەۋە ئەمەس ، باشقىلارغىمۇ تەۋە ئەمەس بىر تائىپىگە ئايلىنىپ قالىدۇ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مايىسنى تارتىپ ئۆستۈرۈش

— قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلسا، هاياتلىق كارۋىنىغا پايخان بولىدۇ.

— خاتىرەمدىن

سۇڭ بەگلىكىدە بىر ئادەم ئېتىزىدىكى زىرائەتلەرنىڭ تېز ئۆسمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مايىسىلارنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ ئۆستۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ هېرىپ ـ ئېچىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆيىدىكىلەرگە:

— ئېتىزلىقتىكى مايىسىلارنى ئۆستۈرىمەن، دەپ هالىم قالمىدى، — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى يۈگۈرگىنىچە ئېتىزغا بېرىپ قارىسا، مايىسىلار ئاللىقاچان سولىشىپ نابۇت بولۇپتۇ.①

× × ×

يۇقىرىقى هېكايە نۇرغۇن ئادەملەرگە تونۇشلۇق. گەرچە بۇ بىر ئەخمەق ئادەمنىڭ تېرىقچىلىق قانۇنىيىتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مايىسنى تارتىپ ئۆستۈرۈش ۋاستىسى بىلەن تېز ئۈنۈمگە ئېرىشىمەن دەپ ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر هادىسە بولسىمۇ، بۇ هادىسىنىڭ ئىچىگە ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئىبرەت بولغۇدەك بىر ماهىيەت يوشۇرۇنغان. بۇ هادىسە ئىچىگە يوشۇرۇنغان ماهىيەت زادى نېمە؟

هەرقانداق بىر شەيئى ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچىلا

① قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلغان «خەنزۇ خەلق مەسەللىرىدىن تاللانما»دىن ئېلىندى.

تەرەققىي قىلىدۇ، زورىيىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. بۇ خۇددى ئادەم بىر كۈندىلا چوڭ بولۇپ قالمىغاندەك، مۇزمۇ بىر كۈندىلا قېتىپ كەتمىگەندەك ھەم بىر كۈندىلا ئېرىپ كەتمىگەندەك بىر ئىش.
ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بالىسىنى سوزۇپ تارتىش ۋاسىتىسى بىلەن ياكى ئىتتىك چوڭ بولسۇن دەپ بىر ۋاقىلىقىغا ئىككى ۋاقلىق تاماق بېرىپ چوڭ قىلماقچى بولۇپ زورۇقسا، ئۇ بالا ھەقىقەتەن ئىتتىك چوڭ بولامدۇ؟ ھەرگىز ئىتتىك چوڭ بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ بالا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئوت يېقىش ۋاسىتىسى بىلەن تەبىئەتتىكى مۇزنى بىر كۈندە ئېرىتىپ بولۇش مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.
بىر ئادەم بىر كۈندە، بىر ئايدا ياكى بىر يىلدا ئالىم بولۇپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ئالىم بولىمەن دەپ كىتابلارنى چايغا چىلاپ ئىچكىلى بولمايدۇ- دە، «ئاز- ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر، قەترە- قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر» دېگەندەك ئۇزلۇكسىز تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا ئاخىرى بىلىم چوققىسىغا چىققىلى بولىدۇ، شۇڭا شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشكە تىرىشىش، قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئەر ـ خوتۇن ۋە دېدەك

— نومۇسسىز ئادەم ئۆلۈككىمۇ ئارام بەرمەيدۇ .
— خەلق ئىدىئومى

چى بەگلىكىدە بىر ئادەم خوتۇنى ۋە دېدىكى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن . ئۇ تالاغا چىقسىلا ، گۆش ۋە هاراق ـ شاراپلارغا تويۇپ قايتىپ كېلىدىكەن . خوتۇنى ئۇنىڭدىن كىملەر بىلەن ئولپەت بولىدىغانلىقىنى سورۇشتۇرسە ، ئۇ : «پۇلدار هاكىملار بىلەن! » دەپ كۆرەڭلەيدىكەن .

ئايال بىر كۈنى دېدەككە :

— ئېرىم هەر كۈنى تالاغا چىقسىلا هاراق ـ شارابلارغا تويۇنۇپ قايتىپ كېلىدۇ ، كىملەر بىلەن ئولپەت بولىدىغانلىقىنى سورىسام ، دائىم : «پۇلدار هاكىملار بىلەن» دەپلا يۈرىدۇ . لېكىن ، بىزنىڭ ئۆيگە ئەزەلدىن ئۇنداق ئېسىلزادىلەر كېلىپ باقمايتتى . ئۇنىڭ زادى نەلەرگە بارىدىغانلىقىنى ئۆزۈمگە تۇيدۇرماي بىر كۆزىتىپ باقاي ، — دەپتۇ ـ دە ، ئەتىسى سەهەر تۇرۇپ ، تۇيدۇرماستىن ئېرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپتۇ . ئۇنىڭ ئېرى شەهەرنى كېزىپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ ، ئەمما بىرەر كىشى توختاپ ئۇنىڭ بىلەن گەپ ـ سۆز قىلىشماپتۇ . ئاخىرى ئۇ شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى قەبرىستانلىقتا قەبرە سۇپۇرىدىغان دۇئا ـ گۇينىڭ ئالدىدىن ئاشقان هاراق ـ سەيلەرنى تىلەپ يەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپتۇ ـ دە ، يەنە باشقا تەرەپكە كېتىپتۇ . ئۇنىڭ قورساق بېقىش ئۇسۇلى ئەنە شۇ ئىكەن .

ئايال ئۆيگە قايتىپ ، ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى دېدەككە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە :

— مەن تېخى ئېرىمنى ئۆمۈرلۈك تېرىكمىز بولار دەپتىكەنمەن . قارا ، ئۇنىڭ ھالى ئەنە شۇ ئىكەن ، — دەپ دېدەك بىلەن بىللە دەرد - ئەلەمگە چىدىماي ھويلىدا يىغا - زارە قىلىشىپتۇ .

دەل شۇ چاغدا ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئەر كۆرەڭلىگەن ھالدا كىرىپ كەپتۇ - دە ، يەنىلا كونا پەدىسى بويىچە خوتۇنى بىلەن دېدەككە ئۆزىنىڭ يېگەن - ئىچكەنلىرىنى ماختاپ بېرىپتۇ .

ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان پەسكەش ئادەم بىر ئۆلگىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئالىيجاناب ئادەملەر مىڭ ئۆلىدۇ.[1]

ئادەمدە نومۇسلا كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ يۈزىگىمۇ قارا سۈرتۈشكە يارايدۇ . نومۇستىن ئادەم بەك گۈزەل ، نومۇسسىزلىقتىن ئادەم بەك رەزىل . كونىلاردا بىر گەپ بار ، «نومۇسسىز ئادەم مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدىمۇ يالغۇز قالىدۇ» ، چۈنكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ . بىرەر يامان ئىش قىلىپ يۈزى قىزارمىسا ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئادەمنىڭ يۈزى دەپ قاراشقا بولمايدۇ . نومۇس ئادەمگە ئاتا قىلىنغان ئىنتايىن پاك روھ . نومۇسى يوقالغان ئادەمنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ بەدبەشىرە نەپسىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق . ئۇ پۈتۈن مىللەتكە ، دۆلەتكە ، ئائىلىسىگە ۋە ئەجدادىغا ھەم ئەۋلادىغا ھاقارەت كەلتۈرىدۇ ، بۇنداق ئادەم بۇ دۇنيادىن كەتكىچە ، نومۇسلۇق ئادەملەردىن نەچچە مىڭىنىڭ يۈزىنى يەر قىلىپ بولىدۇ ۋە تىرىك يەرگە كۆمۈشكە يارايدۇ .

شۇنى بىلىش كېرەككى ، نومۇسسىز ئادەمنى تەربىيە بىلەنمۇ نومۇسلۇق قىلغىلى بولمايدۇ ، چۈنكى ئىنسانىنىڭ تۇغما تەبىئىيتىگە تەربىيە تەسىر قىلمايدۇ . ئاچچىق ئۆرۈكنى ھەسەلدە باقسىمۇ بەرىبىر ئاچچىق مېۋە بېرىدۇ .

---

[1] يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



# ئەنقا بىلەن قۇشقاچ

— بۈيۈكلەرنى قارغاش پەسكەشلەرنىڭ ئادىتى .
— خاتىرەمدىن

ئەنقا دەيدىغان بىر قۇش بولۇپ ، ئۇنىڭ گەۋدىسى تەيشەن تېغىدەك زور ، قاناتلىرى بۇلۇتتەك كەڭ ئىكەن . قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ ، كۆكنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغاندا ، ئۇ توسقۇنلارنى بۆسۈپ ، 90 مىڭ لى كۆتۈرۈلۈپتۇ - دە ، دۈمبىسى بىلەن كۆكنى تىرەپتۇ ، ئاندىن خەينەنداۋ ئارىلى تەرەپكە نەزەر تاشلاپ ، جەنۇبىي دېڭىز تەرەپكە ئۇچۇپتۇ . بۇ ھالنى كۆرگەن بىچارە قۇشقاچ :
— ئۇ ھەرقانچە ئۇچقىنى بىلەن يىراققا بارالمايدۇ ، مەن شۇنچە پىرىلداپ ئۇچۇپمۇ ، بىرنەچچە مىنۇتلا كۆتۈرۈلۈپ يەنە قامغاق - ئەمەنلەر ئارىسىدىن نېرى كېتەلمەيمەن ، ئۇچۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى شۇ - دە! ئۇ ئۇچۇۋەرگىنى بىلەن نەگە بارالايتتى ؟ ! — دەپ مەسخىرە قىلىپتۇ .[①]

× × ×

«مەن خەقنى كۆرەلمەيمەن ، سۇيۇق لايىنى بۆلەلمەيمەن» دېگەن مانا شۇ . ئەتراپىمىزدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ ، ئېغىزلىرى گەز باغلاپ ، كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ ، قوللىرىنى توڭرا قاپلاپ كەتسىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ، ئولتۇرسا - قوپسا ، ئۆزىدىن ئۇلۇغلارنى غاجىلاشقا ئادەتلەنگەن . باشقىلارنى غاجىلىغانغا قورساق تويامتى .

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

ھەي كۆرەلمەس ئادەملەر ، سەن ھەممە ئادەمنى ئۆزۈڭنىڭ ئورنىغا قويما ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇتقان يولى بار ، بەزىلەرگە ئاشۇنداق ھىممەت ۋە شىجائەت ئاتا قىلىپتۇ . ئەنقا قۇشىدەك يۈكسەك كامالەت تېپىپتۇ . سەندىمۇ قابىلىيەت بولسا ، ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەمسەن ، شەپەرەڭگە قۇياش ياقمىغانلىقى ئۈچۈنلا قۇياشنى قارىلاشقا بولامدۇ ؟ شەپەرەڭنىڭ قارىلىشى بىلەن قۇياش پارلاق نۇرىدىن مەھرۇم بولامدۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يېرىق دورىسى

— بىلىمسىزنىڭ بېلىگە قاش قىستۇرسا تاش بولىدۇ،
بىلىملىكنىڭ يېنىغا تاش قويسا قاش بولىدۇ.
— قەدىمقى ئىدىقۇت شېئىرلىرىدىن

سۇڭ بەگلىكىدە بىر كىشى يېرىق دورىسى ياساشقا ناھايىتى ئۇستا بولسىمۇ، لېكىن ئەجدادلىرىدىن تارتىپ كىر كەشلىك قىلىپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭدا يېرىق دورىسىنىڭ رېتسېپى بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان يات ئەللىك بىر ئەلەن ئۇنىڭدىن رېتسېپىنى يۈز تەڭگىگە سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. كىر كەش ئائىلىسىدىكىلەرنى جەم قىلىپ:

— بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ كىر كەشلىك قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، ئوقىتىمىزنىڭ بەرىكىتى بولمىدى. ئەمدى رېتسېپنى سېتىپ يۈز تەڭگىنى ئالايلى، — دەپ كۆندۈرۈپتۇ. خېرىدار رېتسېپىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ۋۇ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئۇنىڭ ھۈنىرى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپتۇ. بۇ دەل ياۋلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن زىمىستان كۈنلەر بولغاچقا، پادىشاھ ئۇنى لەشكەر باشلاپ ياۋغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ۋۇ پادىشاھىنىڭ لەشكەرلىرىدە ئۈششۈك يېرىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا بولغاچقا، سۇ ئىچىدە جەڭ قىلىپ، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ۋۇ پادىشاھى ئۇنىڭغا بىر پارچە يەرنى مۆھۈرلەپ بېرىپتۇ.[1]

[1] يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

× × ×

ئۇيغۇرلاردا «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق» دېگەن بىر ماقال بار. زۆرۈرىيەتسىز چاغدا بەزىدە گۆھەرمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تاپالمايدىغان، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر پارچە تاشمۇ گۆھەرنىڭ ئورنىدا رول ئويناپ قالىدىغان ئىشلار بولىدۇ. يەنە شۇنداق تەرەپمۇ باركى، بەزىلەرنىڭ قولىدا پۇچەك يارماققا ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەر، يەنە بەزىلەرنىڭ قولىدا قىممەتلىك بويۇمغا ئايلىنىشى مۇمكىن. يۇقىرىقى كىرچى نېمە ئۇچۇن قولىدا شۇنچىلىك ياخشى رېتسېپ تۇرۇپ كىرچىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ، يەنە بىر ئادەم ئۇنى يۈز تەڭگىگە سېتىۋېلىش بىلەن شۇنچە زور شۆھرەت قازىنىپ بىر پارچە يەرگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بىرى، رېتسېپ كىرچىنىڭ قولىدىكى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئېھتىياج چۈشمىگەن، يەنە بىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ قولىدىكى بۇ دورىنىڭ قىممىتىنى تازا بىلەلمىگەن.

بۇنداق ئەھۋاللار رېئال تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدۇ، مەن بىر ئەدەبىي ئاخباراتتىن، تاشقورغاندىكى بىر پادىچىنىڭ قوتىنى قاشتاشتىن پۈتكەنىكەن، بۇنى بىر ساياھەتچى بايقاپ قېلىپ، 300 يۈەن پۇلغا قوتاننىڭ تېمىغا ئىشلەتكەن «تاش»لارنى سېتىۋاپتۇ. كېيىن ئۇقسا ئۇ تاشلار نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە يارىغانىكەن.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھېلىقى گۆھەر، قاشتاش، رېتسېپ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى بىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەن شۇ - دە.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر يامان خاھىش باش كۆتۈرۈپ

چىقتى . ئۇ بولسىمۇ ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ، نەچچە مىڭ يىللىق قىممەتلىك رېتسېپلىرىمىزنى خۇددى پۇچەك پۇلغا ساتقاندەك ، نۇرغۇن رېتسېپلىرىمىزنى ئاشكارا نەشر قىلىپ ، ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك بايلىقىمىزدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلمىدۇق . ئەسلىدە ئۇ بايلىقلارنى ئاشكارا نەشر قىلىپ سېتىپ يەيدىغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى زامانىۋى ئۇسۇل بىلەن دورا ياساپ تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولاتتى .

# سەت ئايالنىڭ قاپاق تۇرۇشى

— دورامچۇقنىڭ ئىغىزى پۇچۇق.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بىر ئايالنىڭ مەيدىسى ئاغرىپ قالغانلىقتىن، كۆكسىنى تۇتقىنىچە قاپاقلىرىنى تۈرگەن هالدا مەهەللىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ ئايالنىڭ بۇ هالىتى ناهايىتى يېقىپ كەتكەن شۇ مەهەللىدىكى يەنە بىر ئايال «ئەجەب چىرايلىق تۇرىدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇمۇ كۆكسىنى تۇتۇپ، قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە كەنت ئارىلاپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ يۈرۈپتۇ. مەهەللە بايلىرى بۇ خوتۇننىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئىشىكلىرىنى تاقىشىۋاپتۇ، كەمبەغەللەر بولسا، كۆزىمىزمۇ كۆرمىسۇن دېگەنچە بالا ـ چاقىلىرىنى يېتىلەپ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپتۇ.①

× × ×

هەربىر ئادەم پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشايدۇ، شۇڭا پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشاشقا تىرىشىش كېرەك، ئۆزىنى ـ ئۆزى كەمسىتىپ باشقىلارنىڭ قىياپىتىگە، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا، كۈلۈش، يىغلىشىغا، هەتتا يۇقىرىقىدەك ئاغرىقىنىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئۇنى دورايمەن دېسە، ئۆدەكنى دورايمەن دېگەن توخۇ كۆلگە چۆكۈپ كەتكەندەك ئىش بولمامدۇ.

تۇرمۇشىمىزدا هازىر دورامچۇقلۇق قىلىپ ئۆزىنىڭ

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ، ياپما قاپاق ئادەملەر قوش قاپاق قىلدۇرىمەن دەپ قاپىقىنى كەستۈرۈۋاتقان، شۇنچە يارىشىملىق قارا چاچلىرى تۇرسا، ئۇنى كېسىپ قىزىل، سېرىق بوياپ ئۆزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر مەخلۇققا ئايلىنىۋاتقان دورامچۇقلار ئازمۇ. يەنە بەزىلەر «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ، ئۆز ھالى بىلەن بولماي، باشقىلارنى دورايمەن دەپ، قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلەرگە نېمە دېگۈلۈك. شۇڭا، ئادەم ھەرقانداق ئىشنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىلغۇلۇق، بولمىسا كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ.

# قۇدۇقتىكى پاقا

— «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن ، پالازغا يۆگىنىپ بەش كۈن يېتىپتىمەن» .
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

دۆڭگىنە تار قۇدۇقتا ياتقان بىر پاقا شەرقىي دېڭىزدىن كەلگەن لەھەڭ ئالدىدا ماختىنىپ مۇنداق دەپتۇ :

— مەن نېمىدېگەن بەھوزۇرمەن - ھە! قۇدۇقتىن چىقسام قۇدۇق رىشاتكىلىرىدا ئوينايمەن ، قۇدۇققا كىرسەم كاۋاكلاردا ئۇخلايمەن ؛ لايغا كىرسەم لاي پۇتلىرىمنى يېپىپ تۇرىدۇ ، قۇرت-قوڭغۇز ، قىسقۇچ پاقا ، قۇمچاقلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى دوريىالمايدۇ! مەن مۇشۇ تار قۇدۇقتا يەككە - يېگانە ھالدا ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئوينايمەن ، بۇ نېمىدېگەن دۆلەت! سەن نېمىشقا پات - پات كېلىپ ئويناپ كەتمەيسەن ؟

شەرقىي دېڭىزلىق لەھەڭ سول پۇتىنى قۇدۇققا كىرگۈزەي دەپ تۇرۇشىغا ، ئوڭ پۇتىنىڭ تىزى قاپلىشىپ قاپتۇ . شۇڭا ئۇ ئاستا ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ ، پاقىغا دېڭىزنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ .

— دېڭىزنىڭ كەڭلىكىنى بىرەر مىڭ چاقىرىم دېسەممۇ ئۇ ئازلىق قىلىدۇ ، چوڭقۇرلۇقىنى غۇلاچ بىلەن ئۆلچەپ بولغىلى بولمايدۇ . ھەرقانچە يامغۇر - يېغىن بولغاندىمۇ دېڭىز تېشىپ كەتمەيدۇ ، ھەرقانچە قۇرغاقچىلىق بولسىمۇ ، دېڭىز سۈيى قۇرۇپ كەتمەيدۇ ، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ . دېڭىزدا ياشاشنىڭ راھىتى مانا شۇ دەپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پاقا ئۆزىنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ، نومۇستىن ئۆزىنى يۇقىتىپ قويۇپتۇ.①

× × ×

بىزدە «قۇدۇقتىكى پاقا، ئاسماننىڭ چوڭلۇقى قۇدۇقنىڭ ئېغىزىچىلىك دەپ بىلىدۇ» دېگەن بىر گەپ بار. يۇقىرىقى ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنىڭ بىر تەرىپىدە يۇقىرىقى مەزمۇن ئەكس ئەتكەن. يەنە بىر تەرىپىدە ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە يۇقىرى چاغلايدىغان، ئۆزىنى پەقەت ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە سېلىشتۇرۇپ شىلتىڭ ئاتىدىغان، ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھاياتتا ئادەم ھەرقانچە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولسۇن، بىرەر ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىدىغانلىرى ئالدىدا خۇددى بىر زەررىچىلىك بىر ئىش، سەن ھەرقانچە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرگەن بولساڭمۇ بۇ دۇنيادا ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئالدىدا خۇددى قۇدۇقتىكى پاقا، شۇڭا ئادەم ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتسا، سىناققا كەلگەندە مات بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىرى، ئادەم ئۆزىنى ھەرقاچان ئوقۇغۇچى ھېسابلاش، بىلمىگەننى بىلىشكە، كۆرمىگەننى كۆرۈشكە ئىنتىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئادەم ئۆزىنى ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە سېلىشتۇرغاندا روناق تاپقالمايدۇ، ئەكسىچە تەكەببۇرلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ، شۇڭا ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرگە سېلىشتۇرۇپ ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەك.

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

# سودىگەر ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ھېكايىسى

— ھەرقانداق بىر قوۋم ياكى شەخس ئۆزىنىڭ ناچار ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايدىكەن ، ئۇنىڭغا «تەقدىر»نىڭمۇ ئامالى يوق .
— ئىسلام ھېكمەتلىرى

بىر سودىگەر بار ئىكەن ، ئۇ كۆل ۋە چۆللەرنى كۆرگەن ، مەشرىق ۋە مەغرىب ئىقلىملىرىدا يۈرگەن ، زامانىنىڭ ئىسسىق-سوغۇقىنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە دەۋرانىنىڭ ئاچچىق - تاتلىقىدىن بەھرە ئالغان بىر كىشى ئىكەن .
ۋاقتى كېلىپ ، ئۆلۈم لەشكىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان قېرىلىق زەئىپلىكى ئۇنىڭ بەدەن مەملىكىتىگە ئات سالپتۇ ، ئەجەل سىپاھلىرىنىڭ جېڭىدە ئاقارغان چاچ - ساقاللىرى ۋۇجۇد قورغىنىنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلەپتۇ .
سودىگەر ئەمدى ئەجەل ئۇنىڭغا پىچىقىنى بىلەۋاتقانلىقىنى ۋە بەدەن ئۆيىدە ئامانەت قويغان جان رەختىنى تىلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ، پەرزەنتلىرىنى يىغىپتۇ . ئۇنىڭ ھەممە باللىرى ئەقلى - ھوشى بار ، زېرەك ياش ئىكەن . ئەمما تېخى ئىش كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن يىگىتلىكنىڭ غۇرۇرى بىلەن چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ ، ئاتىسىنىڭ ماللىرىنى ئىسراپ قىلىشقا باشلىغانىكەن ۋە ئىش - ئوقەتكە تىرىشماي ، بىپەرۋالىشىپ كەسپىي تىجارەتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويغانىكەن . شۇڭا ئاتىسى ئۇلارغا شەپقەت - مەرھەمەت يۈزىسىدىن پەندى - نەسىھەت قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلاپتۇ ۋە ياخشىلىق ئۈمىد كۈتۈپ ، يامان ئىشلاردىن توساپ شۇنداق دەپتۇ :

— بالىلىرىم بۇ ۋەجنى تېپىشتا سىلەر جاپا تارتمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن قەدرىنى بىلمىگەن بولساڭلار ، بۇمۇ بىر ئۆزرىلىك ئىش ، ئەمما بىلىشىڭلار كېرەككى ، ۋەج دېگەن بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسىدۇر . ھەرقانداق مەقسەتنى ۋەج ۋاسىتىسى بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ . ئالەم ئەھلى ئۈچ نەرسىنى تەلەپ قىلىشىدۇ : ئۇنىڭ بىرىنچىسى ، مەئىشەتنىڭ كەڭرى بولۇشى ۋە لازىمەتلىكلىرىنىڭ ئاسان تېپىلىشى . بۇ پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك ۋە نەپسىنىڭ لەززىتىنى ئىستىمەككىلا بېرىلگەن گۇرۇھنىڭ تەلىپى . ئىككىنچىسى ، ئۇلۇغ مەرتىۋە تېپىش ۋە دەۋران سۈرۈش تەلىپى . بۇ پادىشاھلار ، ئەمىرلەر ۋە مەنسەپدارلارنىڭ مەقسىتى . ۋەج بولماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ بۇ ئىككى مەرتىۋىگە يېتىشكىلى بولمايدۇ . ئۈچىنچىسى بولسا ، ئاخىرەت ساۋابىنى ھاسىل قىلىش ۋە خۇدا رەھمىتىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىشتۇر . بۇ نىجات ۋە دەرىجات تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى بولۇپ ، بۇنىڭغىمۇ ۋەج بىلەن يەتكىلى بولىدۇ . «ياخشى كىشىدە ھالال ۋەج بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ» دېگەن گەپ بار . «مەسنىۋى شېرىپ»تە ئېيتىلىشىچە :

«مالنى ئەگەر دىن ئۈچۈن قىلساڭ قوبۇل ،
ياخشى مال شۇ» دەپ خەۋەر بەردى رەسۇل .

بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، ۋەج دېگەن ناھايىتى كۆپ تەلەپ بىلەن قولغا كېلىدىغان نەرسە . بىرەر كەسىپ ياكى تەلەپ قىلماي تۇرۇپ ۋەج تېپىش مۇمكىن ئەمەس . بەزىبىر كىشىلەر مۇشەققەت

چەكمەي تۇرۇپ ۋەج تاپقان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەي قولدىن بېرىپ قويىدۇ. دېمەك بىكار يۈرمەي كەسىپكە تۇتۇش قىلىڭلار. سودىگەرچىلىك قىلىشقا لازىمەتلىك دەسمايىنى مەن بەرگەندىكىن، ئەمدى ئۆز ئىشىڭلارغا مەشغۇل بولۇشۇڭلار كېرەك.

— ئەي ئاتا! — دەپتۇ چوڭ ئوغلى، — سەن بىزنى كەسىپ قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىسەن. بۇ تەۋەككۈلنىڭ ئىشىدىن ئەمەس. مەن شۇنى بىلىمەنكى، تەقدىردىن ماڭا رىزىق ئۇچۇن ھەرقانداق نەرسە بۇيرۇلغان بولسا، مەن ئۇنى تەلەپ قىلىپ تىرىشمىساممۇ ئۆزى كېلىدۇ. شۇڭا بىز خاھى كەسىپ قىلايلى، خاھى قىلمايلى تەقدىر ئاۋۋال بىزگە نېسىپ قىلغان رىزقىمدىن ھېچ ۋاقىت قۇرۇق قالمايمىز.

بۇنى ئاڭلىغان ئاتا ئوغلىغا مۇنداق دەپتۇ:

— دېگەنلىرىڭغۇ راست ئوغلۇم، ئەمما بۇ ئالەمنى ۋاستە دۇنياسى ۋە سەۋەب ئالىمى دەيدۇ. يەنى بۇ دۇنيادا ۋاستە ۋە سەۋەب بىلەن ئىش پۈتكۈزگىلى بولىدۇ. خۇدا دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى شۇنداق تەرتىپتە ياراتقانكى، مۇتلەق كۆپ تەلەپنى سەۋەبسىز ھاسىل قىلمايدۇ. شۇڭا، كەسىپنىڭ مەنپەئەتى تەۋەككۈلنىڭ پايدىسىدىن ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى، تەۋەككۈل قىلغاندا ئەنە شۇ تەۋەككۈل قىلغۇچىدىن باشقا كىشى پايدا كۆرەلمەيدۇ. كەسىپ ۋە سەۋەب قىلغاندا بولسا، بۇنىڭ ھەم ئۆزىگە، ھەم باشقىلارغا پايدىسى تېگىدۇ. باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېگەن ناھايىتى ياخشى ئىش. دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىدۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈدەك قۇدرىتى بار تۇرۇقلۇق كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزمىسە، بەلكى ئۆزى

باشقىلاردىن مەنپەئەتلەنسە ئۇنداق كىشىگە ئەيىب ئەمەسمۇ؟ سەن ھېلىقى قارىچقىغا بىلەن قۇزغۇننىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ، سەۋەب ۋە ئىش - ھەرىكەت قىلىشتىن توختاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان دەرۋىشنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغانسەن؟ دەپ مۇنداق ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

## ھەرىكەتنى تاشلىغان دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى

بىر جايدا بىر دەرۋىش بار ئىكەن. ئۇ ھەمىشە تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى، رەھمىتىنىڭ نام - نىشانلىرىنى ئويلاپ پىكىر يۈرگۈزىدىكەن. تاسادىپەن بىر كۈنى تېز ئۇچىدىغان بىر قارىچقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، قارىسا، قارىچقىغا چاڭگىلىدا بىر پارچە گۆشنى كۆتۈرۈپ، دەرەخ ئۈستىگە قونۇپتۇ، دەرۋىش ئۇنىڭغا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرسا، ھېلىقى قارىچقىغا دەرەخ ئۈستىدىكى ئۇۋىدا ئىچىدە قانات - قۇيرۇقى يوق ياتقان بىر قۇزغۇننىڭ ئاغزىغا چاڭگىلىدىكى گۆشنى يۇتالىغۇدەك قىلىپ پارچىلاپ سېلىۋاتقۇدەك. قۇزغۇن ئۇ گۆشنى ھە دەپ يۇتۇۋاتقۇدەك.

«سۇبھانالللا، — دەپتۇ دەرۋىش، — ئالللاتائالانىڭ ماۋۇ ئىنايىتى ۋە مەرھەمىتىنى قارىمامدىغان! قاناتسىز ۋە قۇيرۇقسىز، ئۇچۇشقا قۇۋۋىتى ۋە جەۋلان قىلغىلى شەۋكىتى يوق، ئۇۋىسىدا ياتقان بىر قۇزغۇننىمۇ رىزقسىز قويماپتۇ مانا!

ھەق ياراتتى يەر - يۈزنى ئامغا ئەيلەپ داستىخان،
بار ئۇنىڭدا دوست - دۈشمەنگە ھەم يېتەرلىك رىزقى نان.
يايدى كەڭرى داستىخاننى ئەلگە ئەيلەپ مەرھەمەت،

تىلسىم ئىچرە كۆھىقاپتا تاپتى سۇمرۇغ تەربىيەت .

دېمەك ، مېنىڭ رىزقى ئىزدەپ بىر يەردە تۇرالماسلىقىم ۋە بېشىمنى ھېرىس باياۋانىدا قويۇپ ، تۈرلۈك ھىيلە بىلەن بىر ناندىن ئارتۇق رىزقنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىكىم ئۆزۈمنىڭ ئېتىقادىمنىڭ سۇسلۇقىدىن ئىكەن - دە!

تەڭرى بەرگەن رىزقىدىن ئەيلەپ گۇمان ،
تولا يۈردۈم لوقما ئىزدەپ ھەر قايان .
ھەرنىكىم تەڭرى تائالا يەتكۈزۈر ،
ئاز ۋە كۆپ ھەرقانچە بولسا بەس ئېرۇر .

رىزقىمىزنى خۇدا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى پاراغەت بېشىنى خىلۋەت تىزىغا قويۇپ ، كەسىپ بەتلىرىدىكى جۇرئەت ھەرپىنى قانائەت تىغى بىلەن ئويۇپ تاشلىغىنىم ياخشى ئىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ، دۇنيا ئىشلىرىنىڭ سەيى - سەۋەبلىرىدىن قولىنى يۇيۇپ ، بىر بۇلۇڭنى ئۆزىگە ماكان قىلىپتۇ ۋە ھەق تەئالانىڭ بىئىللەت ئىنايەتلىرىگە كۆڭۈل باغلاپتۇ . دېمەك ئۇ سەۋەبنى تاشلاپ سەۋەبنىڭ ئىگىسىگە كۆڭۈل باغلاپتۇ - دە ، ئۈچ - تۆت كېچە - كۈندۈز ھېچ يەرگە چىقماي ، ئاشۇ خىلۋەتتە ئولتۇرۇپتۇ . ئەمما ، ھېچ يەردىن ئۇنىڭغا رىزق يېتىپ كەلمەپتۇ . نەتىجىدە ئۇ ئاچلىقتىن سائەتسېرى زەئىپلىشىپ شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى ، تائەت - ئىبادەتمۇ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ . ئاخىر خۇدا ئۇ دەرۋىشنىڭ قېشىغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپتۇ . پەيغەمبەر ئۇنىڭغا غايەت غەزەپ بىلەن شۇنداق دەپتۇ : «ھەق تەئالا ساڭا : ( ھەي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەندەم! بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەۋەب ۋە ۋاستە ئۈستىگە قويغاندۇرمەن. ئىشلارنى سەۋەبسىز پۈتتۈرۈشكە قۇدرىتىم يەتسىمۇ، ھېكمىتىم شۇنى تەقەززار قىلىدۇكى، ئىشلارنىڭ تولاراقى سەۋەب ۋە ھەرىكەت بىلەن كىپايەت تاپسا، خالايىقلار ئارىسىدا پايدا يەتكۈزۈش ۋە پايدا كۆرۈش قائىدىسى داۋام قىلغاي› دەپ ئېيتىدۇ. بەس، ئەگەر سەن ئۆزگىلەرنىڭ پايدىسىغا سەۋەب بولالىساڭ ئاندىن ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن سەنمۇ پايدا ئالغايسەن» دەپتۇ.

قارىچىغىدەك سەنمۇ ئوۋ قىل رىزقى تاپ،
قۇش تەرەپكە ئۈچمىغىن كور قاغىدەك.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ھەممە كىشىلەر سەۋەب پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. كىشىگە يارىغۇدەك تەۋەككۇل شۇكى، سەۋەبنى قولدىن بەرمەي، تەۋەككۇل مۇقامىدا چىڭ دەسسەپ تۇرۇش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا «كاسىپ كىشى خۇدانىڭ دوستىدۇر» دېگەن سۆزنىڭ پەيزىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. بۇزرۇكلاردىن بىرى: «كەسىپ قىلغىن گاھىن بولمىغايسەن ۋە رىزقىڭنى خۇدادىن بىلگىن، كاپىر بولمىغايسەن» دېگەنىكەن.

سەن تەۋەككۇل بىرلە سۇسلۇق قىلمىغىن،
«كەسىپ ئىگىسى تەڭرىنىڭ دوستى» دېگىن.
قىل تەۋەككۇل ھەم شۇغۇللان كەسىپ بىلەن،

ئىش قىلىپ ئاندىن خۇدايىمغا يۈلەن.[①]

× × ×

تەقدىر سىرلىق ھەم مۇتلەق نەرسىمۇ؟ سەن ئۇنى قانداق چۈشىنىسەن؟

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا ياكى پۈتۈن ھاياتىمىزغا «تەقدىر» ھەققىدىكى قاراش ۋە چۈشەنچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بىز تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ھادىسىلەرنى تەقدىرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن.

ئۇنداقتا تەقدىر مەۋجۇتمۇ؟ بۇنىڭ بىرلا جاۋابى باركى، تەقدىر ئەلۋەتتە مەۋجۇت.

بۇ قانداق تەقدىر؟ بىلىش كېرەككى، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار مۇئەييەن باغلىنىش ئىچىدە يارىتىلغان، بىز بۇنى تەبىئىي قانۇنىيەت دەيمىز. مەسىلەن، تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش، كۈننىڭ ئەتىگەندە شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتقانلىقى، كېچە - كۈندۈزنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرتىپتە ئالمىشىپ تۇرۇشى، يەردىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى، ھاۋا، تۇپراق، ئوت ۋە شاماللارنىڭ بىر - بىرىنى شەرت قىلىشى، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشىلىقى ھەم بىر - بىرى بىلەن يارىشىپ ئۆتىدىغانلىقى قاتارلىق تۇمەنلىگەن تەبىئىي قانۇنىيەتلەر بار. جەمئىيەتنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا قانۇنىيىتى بار. جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتى ئەقىل-پاراسەت بىلەن يارىتىلغان ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ، ئىنسانلار تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ھاياتنىڭ، ئىجتىمائىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ۋە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بايقايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەنە

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان «كەلىلە ۋە دەمنە»دىن ئېلىندى.

شۇ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نىجاتلىق يولىنى تاپالايدۇ . مەسىلەن ، نەم يەرگە ئۇرۇق چاچسا زىرائەت ئۇنىدىغانلىقى بىر تەبىئىي قانۇنىيەت . ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق كامالەتكە يېتىشى بۇمۇ بىر ئىجتىمائىي قانۇنىيەت . ئىنسانلار بۇ قانۇنىيەتتىن ھالقىپ كەتسە ھېچقانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ . يەنى ، ئۇرۇق چاچماي تۇرۇپ ھېچكىم ھوسۇل ئالالمايدۇ ، ئۆگەنمەي تۇرۇپ ھېچكىم ئالىم بولالمايدۇ . ئادەم ئېتىزغا قانداق ئۇرۇق چاچسا شۇنداق ھوسۇل ئالىدۇ ، تېرىق تېرىغان بولسا تېرىق ئالىدۇ ، بۇغداي تېرىغان بولسا بۇغداي ئالىدۇ ، تېرىمىسا ھېچ نەرسىنى ئورالمايدۇ ؛ ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىغان ئادەم ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ ، يامانلىق ئۇرۇقىنى تېرىغان ئادەم يامانلىققا ئېرىشىدۇ ، مانا بۇ تەقدىرنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيىتى .

بىلىش كېرەككى ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەئىشەت ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق يارىتىلغان ، ھەرگىزمۇ بىرىگە كۆپرەك ، بىرىگە ئازراق ئەمەس . ھەممە ئادەمگە ئوخشاشلا تەپەككۇر ئورگىنى مېڭىنى ياراتقان ، كۆرۈشكە كۆز ، ئاڭلاشقا قۇلاق ، مېڭىشقا پۇت ، ئىشلەشكە قول ياراتقان . ھېچكىم بايلىق تاجىنى كىيىپ ياكى نامراتلىق كۆلاسى بىلەن تۇغۇلغان ئەمەس . مەلۇم بىر ئادەم دەسلەپتە ئىنتايىن باي ، يەنە بىر ئادەم كەمبەغەل ئىدى ، كېيىن ئۇ بىردىنلا كەمبەغەللىشىپ ، كەمبەغىلى بېيىپ كەتكەن بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىي يېرىم يولغا كەلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدە يېڭىۋاشتىن ھۆكۈم چىقىرىلغانمۇ .

ياق! تەقدىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . ۋەھالەنكى ، بۇ دۇنيادا ياخشىلىقمۇ بار ، يامانلىقمۇ بار ؛ بايلىقمۇ

بار ، كەمبەغەللىكمۇ ، بەختمۇ بار ، بەختسىزلىك بەختكە سايىدەكلا ھەمراھ . لېكىن ، ياخشى قىلىپ قويغان ياكى يامان قىلىپ قويغان ، باي قىلىپ قويغان ياكى كەمبەغەل قىلىپ قويغان ، ساق قىلىپ قويغان ياكى ئاغرىق قىلىپ قويغان ، تەقۋادار قىلىپ قويغان ياكى قانخور جاللات قىلىپ قويغان قانداقتۇ «تەقدىر» بولماستىن ، بەلكى ئۆزىمىز قىلغان سەۋەبتۇر . شۇڭا تەقدىردىن ئاغرىنماي ، ئۆزىمىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن ئاغرىنساق بولىدۇ . «سەۋەب قىلسا سېۋەتتە سۇ توختاتقىلى بولىدۇ» دەيدۇ كونىلار .

ئەگەر بىر ھەممە ئىشنى تەقدىر ئەزەلگە ئارتىپلا چۈشەندۈرمەكچى بولساق ، ئۇنداقتا ھېچقانداق بىر ئىنساننى گۇناھكارلىقتا ئەيىبلەشكە ئاساس تاپالمايمىز . «قۇرئان كەرىم» دە شۇڭا ئاللا : « (ئى ئىنسان! ) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەممەت قىلىش يۈزىسىدىن ) ئاللاھ تەرىپىدىندۇر ، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن ) ئۆزۈڭدىندۇر ··· » دېگەن . دېمەك ، بۇ يەردىكى چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش كېرەك .

---

① سۈرەنىسا 7 ـ ئايەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەدبىرلىك مويسىپىت

— ئەپقاچتى گەپ خۇددى سەلگە ئوخشاش ئاخىرى گەپ توشۇغۇچىنى يۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن .

— خاتىرەمدىن

باغدا يىللاردىن بېرى يەرنى بەنت قىلىپ تۇرغان قۇرۇق دەرەخ ۋە كۆتەكلەرنى كولاپ چىقىرىۋېتىپ ، ئورنىغا يېڭىدىن كۆچەت قويۇشنى نىيەت قىلغان مويسىپىت موللام ئۈچ كۈندىن بېرى شۇ ئىش بىلەن ھەپىلىشىپتۇ . بۈگۈنمۇ ناشتىدىن كېيىن خوتۇنىغا «باغقا ماڭدىم» دەپ كەتمەن ـ پالتىلارنى ئېلىپ باغقا كىرىپ كېتىپتۇ . بىراق ، ئۇزاق ئۆتمەي ئاغزىدا بىر نېمىلەرنى كۇسۇلداپ ئوقۇغىنىچە باغدىن چىقىپ كېلىۋاتقان موللامنى كۆرگەن خوتۇنى :

— نېمە ئۈچۈن تېزلا قايتىپ چىقتىڭىز ، ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماققا پېشىنگىزدىن تارتىپمۇ ئېلىپ چىقالمايتتىڭىز ؟ — دەپ ئەجەبلىنىپتۇ .

— ئاجايىپ مۆجىزە يۈز بەردى خوتۇن ، مۆجىزە ، — دەپتۇ مويسىپىت ، — كۆتەكنىڭ يىلتىزىغا كۈچەپ بىر پالتا ئۇرغىنىمنى بىلىمەن ، ياپىرىم! كۆردۈڭمۇ بۇ ئىشنى ، كۆتەك ئاستىدىن بىر سېرىق قاغا قاقىلداپ ئۇچۇپ چىقماسمۇ!

بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدىم ، ساپسېرىق قاغىغۇ! سېرىق قاغا بار دەپ ئاڭلىغانمۇسەن خوتۇن ؟!

— خۇدايا تۇۋا ! — دەپ ياقىسىنى تۇتۇپتۇ موماي ، — ھەي

دادىسى ، بولدى بۇ ئىشنى قىلماڭ . سىزگە سېرىق قاغا بولۇپ كۆرۈنگەن جىن - شاياتۇن بولۇپ قالمىسۇن يەنە .

— قويە بولدى ، — دەپ موللامۇ پالتىنى بىر چەتكە تاشلاپ ، بۇ ئىشتىن پېشىنى قېقىپ سۇپىنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ .

بۇ سىرلىق ۋەقە موماينىڭ ئىچىگە پاتماي ، شۇ زامان پالاقلاپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە چېپىپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى ئىنتايىن ھەيران بولغان ھالدا قوشنا ئايالغا ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ . لېكىن ئۇ ، تېخىمۇ قىزىقراق بولسۇن دەپ «ئىككى سېرىق قاغا ئۇچۇپ چىقتى» دەپ ئاڭلىتىپتۇ .

شۇ كۈنى قوشنا مەھەللىدىكى قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە بارغان ھېلىقى قوشنا ئايال قۇدىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ، بۇلارغا سېرىق قاغا ھەققىدە «ۋاي ئاللا - ۋاي توۋا» دېگەن ھالدا ھەيران بولۇپ ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بېرىپتۇ . لېكىن ئۇ ، موللامنىڭ خوتۇنىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە ئىككى سېرىق قاغا دېمەستىن ، ئۆزى بىرنى قوشۇپ «ئۈچ سېرىق قاغا ئۇچۇپ چىقىپتۇ» دەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ھادىسە توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا يۆتكەلگەنچە قوشۇلۇپ ، چۈشتىن كېيىنكىچە پادىشاھنىڭ ۋەزىرىگە «بۇ ئىشنى كۆرسىلە تەقسىر ، پالانى مەھەللىدىكى پالانى موللام بارغۇ ؟ ئاشۇ كىشى بېغىدىكى قۇرۇق كۆتەكلەرنى كولاۋاتسا ، ئاستىدىن 39 سېرىق قاغا قاقىلداپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتىمىش» دەپ ئاڭلىنىپتۇ .

ۋەزىر بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىچە «توۋا» دەپتۇ . ئۇ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەن ۋاقتىدا ، ئۇنى ھەيران قالدۇراي دېگەن مەقسەتتە «سېرىق قاغا» ھەققىدە ئۆزى ئاڭلىغان مىش - مىش

گەپلەرنى ئېقىتماي - تېمىتماي پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئۇمۇ 39 سېرىق قاغا دېمەي، ئۆزى بىرنى قوشۇپ كۆتەك ئاستىدىن 40 سېرىق قاغا قاقىلدىشىپ ئۇچۇپ چىققىنىنى ھەيران قالغان ئاھاڭدا پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ ھەم «بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى موللامنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر ياساۋۇلنى ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇللار موللامنى سوكۇلدىتىپ ھەيدەپ، بىردەمدىلا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ موللامغا قاراپ:

— 40 سېرىق قاغا كۆرگىنىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شاھىم، سېرىق قاغا كۆرگىنىمغۇ راست، بىراق ئۇ 40 ئەمەس، پەقەت بىرلا ئىدى، — دەپتۇ موللام ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ.

پادىشاھ بۇ ئىشنى ۋەزىردىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ۋەزىر ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئاڭلىغىنى 39 سېرىق قاغا ئىكەنلىكىنى، لېكىن پادىشاھقا ئېيتقان ۋاقتىدا ئۆزى بىرنى قوشۇپ 40 سېرىق قاغا دېگەنلىكىنى بوينىغا ئاپتۇ. شۇ تەرىقىدە سۈرۈشتۈرۈپ ۋەقە زەنجىرىنىڭ ھالقىسى موللامنىڭ خوتۇنىغا يەتكەندە، ئۇ موللامنىڭ «بىر سېرىق قاغا كۆردۈم» دېگىنىنى، لېكىن قوشنىسىغا دېگەندە ئۆزى بىرنى قوشۇپ، ئىككى سېرىق قاغا دېگەنلىكىنى دۇدۇقلاپ - دۇدۇقلاپ تۇرۇپ بايان قىلىپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا مويسىپىت موللام بېشىنى چايقاپ ساقىلىنى تۇتاملاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە پادىشاھقا قاراپ:

— شاھىم، ئۆزىڭىزگە ئىشەنچلىك ئادىمىڭىزدىن ئىككىنى ماڭا قوشۇپ بەرسىڭىز، ئاشۇ كۆتەك قېشىغا بېرىپ كەلسەك،

ئاندىن كېيىن سېرىق قاغا ھەققىدىكى بارلىق ۋەقەنى سۆزلەپ بەرسەم، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئىككى ئىشەنچلىك ياساۋۇلنى موللامغا قوشۇپتۇ. موللام ئۇلارنى بېغىدىكى كۆتەك يېنىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇلاردىن بىرىگە كۆتەك يىلتىزىغا يېپىپ قويغان خىشنى ئېلىپ تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇل خىشنى ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، كۆتەك ئاستىدىكى كاۋاكتا ساپسېرىق ئالتۇن بىلەن لىققىدە تولغان بىر كۈپ تۇرغىنىنى ھەممەيلەن كۆرۈپتۇ ۋە ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپتۇ. ئاندىن ئالتۇن بىلەن لىق تولغان كۈپنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھ ئەجەبلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مويسىپىت موللام مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم، كۆتەك ئاستىدىن ئۇچۇپ چىققان بىر سېرىق قاغا مانا مۇشۇ بىر كۈپ ئالتۇن ئىدى. ئۇنىڭ پەقەت بىر كۈپ ئىكەنلىكىنى ئىشەنچلىك ئادەملىرىڭىز ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئەگەر مەن بۇنى بىر سېرىق قاغا دېمەي، بىر كۈپ ئالتۇن دېگەن بولسام، بۇ گەپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ «پالانچى موللام بېغىدىكى كۆتەك ئاستىدىن 40 كۈپ ئالتۇن تېپىۋاپتۇ، دېگەن سۆز خۇددى بىر سېرىق قاغا 40 سېرىق قاغا بولغاندەك ئالىيلىرىغا يېتىپ كېلەتتى. ئۇ ھالدا ئالىيلىرى مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەي، ئالتۇن تولغان كۈپلەرنىڭ قالغان 39 نى تاپ دەپ ئۇرۇنسىز غەزەپلەنگەن بولاتتىلە. شۇ سەۋەبتىن ئىش ھەقىقەتكە يەتكۈچە بېلىم سۇنمىسۇن دەپ شۇنداق ھىيلە ئىشلەتكەنىدىم. مانا ئالدىلىرىدىكى ئاشۇ بىر سېرىق قاغا پادىشاھىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ تەدبىرلىك ۋە زېرەك موللامغا ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ئۇنى نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر بىلەن تارتۇقلاپ، بىر كۈپ ئالتۇننىمۇ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ھەمدە «مىش -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىش »لەر ئىنساننىڭ ئەڭ خەۋپلىك دۈشمىنى ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىپتۇ .

خەلق ئىچىدە پاشايدىكەن مىش ـ مىشلەر ،
پاشىدىن پىل ياسايدىكەن مىش ـ مىشلەر .
مىش ـ مىشلەرنى ئاڭلار قۇلاق كۆپ بولسا ،
ھەر يىلىپرى ئۆسەر ئىكەن مىش ـ مىشلەر .①

× × ×

نۇرغۇن ئادەملەر مىش ـ مىش گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىپ ، ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن بالا قالىدۇ . چۈنكى ، بىرسى بىر ئادەم مۇنداق بىر ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ دېسە ، يەنە بىرى ئۇنى مەن مۇنداق ۋەقەنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ، دەپ داۋراڭ سالىدۇ . ئەگەر ئۇ ئىش يامان ئىش بولغان بولسا ، ئۇ ئىشنىڭ شائىتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە ، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ . بەزىلەر بىرنى ئون قىلىپ يەتكۈزىدۇ . شۇڭا ئادەم ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېسە ، ئۇ يالغانچىدۇر ، كۆرمىگەننى كۆردۈم دېگۈچى تۆھمەتچىدۇر . قىسقىسى ، گەپ توشۇش ئىنتايىن خەتەرلىك ، شۇڭا ئەپقاچتى گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەسلىك كېرەك ھەم ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرمەسلىك لازىم .

---

① قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان «بىر سۆزۈم بار ئۈچ تىللا» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى .

# ئۈچ خىل باھا

— بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىگىنى ، پەزىلەت ۋە ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىگىنى .

— خەلق ئىدىئومى

ساپالدىن ھەر خىل ، ھەر تۈرلۈك بۇيۇم ، شەكىل ۋە ئويۇنچۇقلارنى ياسايدىغان بىر كۇلالچى ئۇستا ئۆتكەنىكەن . كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ لايدىن ئۈچ دانە قونچاق ئادەم ياساپتۇ . ئۇستا ئۈچىلى قونچاقنى ئوخشاش رەڭ بىلەن بوياپتۇ . ئۇلارنى شۇنداق بېجىرىم تەييار قىلىپتۇكى ، بازارغا ئېلىپ چىقىش بىلەنلا خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ . قونچاقلارنىڭ ئۆزىلا ئەمەس ، بەلكى باھاسىنىڭ تۈرلۈك بولۇشى خېرىدارلارنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرۈپتۇ . ئۇلار ئۇستىدىن : «بۇ قونچاقلار بىر - بىرىدىن ھېچبىر پەرقلەنمەيدۇ يۇ ، نېمە سەۋەبتىن ئۈچىگە ئۈچ خىل باھا قويىسىز ؟» دەپ سورىشىپتۇ . ھەقىقەتەنمۇ قونچاقلارنىڭ بوي - بەستى ، رەڭ ۋە جۇلاسى بىر خىل بولۇپ ، بىر - بىرىدىن ھېچقانداق ئايرىمچە پەرقى بولمىسىمۇ ، بىراق بىرىنچى قونچاقنىڭ باھاسى بىر كوي ، ئىككىنچىسىنىڭ ئىككى كوي ، ئۈچىنچىسىنىڭ ئۈچ كوي ئىكەن . ئۇستا بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن خېرىدارلارغا كۈلۈپ قاراپ قويۇپ :

— ئەزىزلەر ، بۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى بىر خىل بولغان بىلەن ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار . مانا كۆرۈپ بېقىڭلار ، دەپ قولىغا بىر تال چۆپ ئېلىپ بىرىنچى قونچاقنىڭ قۇلىقىغا تىقسا چۆپنىڭ ئۇچى شۇئان قونچاقنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ ، ئاندىن شۇ چۆپنى ئىككىنچى قونچاقنىڭ بۇ قۇلىقىغا

تىقسا ، چۆپنىڭ ئۈچى قونچاقنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپتۇ ، ئۈچىنچى قونچاقنىڭ قۇلىقىغا تىقىلغان چۆپ بولسا ئۇنىڭ مىخ يېرىدىن چىقماپتۇ .

— كۆردۈڭلارمۇ خالايىق ، — دەپتۇ ئۇستا ، — بۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولغان بىلەن خۇلق - مىجەزى بىر - بىرىدىن كۆپ پەرق قىلىدۇ ، — دەپ بىرىنچى قونچاقنى قولىغا ئاپتۇ ، — مانا بۇ قونچاقنىڭ ئىچىدە گەپ تۇرمايدۇ ، قۇلىقىدىن نېمە گەپ كىرسە ، ئاغزىدىن چىقىپ كېتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسى ھەممىدىن تۆۋەن .

ئۇستا ئىككىنچى قونچاقنى قولىغا ئېلىپ دەپتۇ :

— بۇ بولسا ئاڭقاۋ ، بەغەرەز ، بۇنىڭ بۇ قۇلىقىدىن كىرگەن گەپ ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسى ئوتتۇراھال .

ئاندىن ئۇستا ئۈچىنچى قونچاقنى قولىغا ئاپتۇ .

— بۇ بولسا ئالىيجاناب ۋە ئېھتىياتچان ، سىر ساقلايدىغان ، ئاڭلىغان ھەرقانداق خاھى ياخشى ، خاھى يامان گەپنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك تەرىپىنى ئېلىپ قالىدۇ ، كېرەكسىزلىرىنى يۇتۇپ ھەزىم قىلىۋېتەلەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسى ھەممىدىن ئۇستۇن ، — دەپتۇ.①

× × ×

ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ، قابىلىيىتى جەھەتتىنلا قىممىتى باھالىنىپ قالماي ، بەلكى پەزىلەت جەھەتتىمۇ جەمئىيەتنىڭ قىممەت تارازىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ . ئادەمدە ھەرقانچە جىلۋىگەر قامەت بولغان تەقدىردىمۇ ، پەزىلىتى يوق بولسا قىممەت تارازىسىدا يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ - دە ، ئەل ئارىسىدا ئەتىۋارى بولمايدۇ .

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

# كالا ۋە ئارغامچا

— تۆگمىنى دەپ ، تۆگىدىن قۇرۇق قالىدىغان
هاماقەت بولۇپ قالمايلى .
— خەلق هېكمەتلىرى

كالا بىلەن ئىت تاغ - دالىلاردا ئەركىن - ئازادە ياشىماق بولۇپ ، كەچتە بىللە قېچىپ كېتىشكە ۋەدىلىشىپتۇ . كېلىشكىنى بويىچە كەچتە ئىت يېتىپ كەپتۇ . ئۇ كالىنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈپ ، تۇۋرۇككە باغلاپ قويۇلغان ئارغامچىنى ئۆتكۈر چىشى بىلەن چىشلەپ ئۈزمەكچى بولغانىكەن ، كالا دەررۇلا ئۇنى توسۇپ :

— ياق ، توختا ، ئارغامچىنى ئۈزمەي ، تۇۋرۇكتىن يەشكىن ، بۇ ناهايىتى ياخشى ئارغامچا ئىكەن ، مېنىڭ هېچقانداق ئۆي - بىساتىم يوق ، ئارغامچىنى بولسىمۇ ئۆزۈم ئېلىپ كېتەي ، — دەپتۇ .

ئىت ئامالسىز هالدا كالىنىڭ گېپىگە كىرىپ ، ئارغامچىنى كالىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈكلۈك پېتى تۇۋرۇكتىن يېشىپتۇ - دە ، ئىشىكتىن قېچىپلا بىللە قېچىپتۇ .

يېرىم يولغا كەلگەندە ، ئىت خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ ، كالىنىڭ بۇرنىدىكى ئارغامچا يوغان بىر قۇرام تاشقا ئىلىنىپ قېلىپ ، ماڭالماي تۇرۇپ قاپتۇ - دە ، قوغلاپ چىققان كالا ئىگىسى يېتىپ كېلىپ ، كالىنى ئېلىپ كېتىپتۇ .

كالا ئۆز - ئۆزىگە :

— مېنىڭ بىردىنبىر سەۋەنلىكىم ئارغامچىنى بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىمدىن بولدى ، شۇنچىلىك بىر نېمىنى دەپ جېنىمغا زامىن بولدۇم ، ئىسىت ، — دەپ پۇشايمان

www.uyghurkitap.com

قىلىپتۇ ①

× × ×

«كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەن ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالغان كالا ئىكەن . ئادەم ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ئۇزۇل ـ كېسىل قىلىش كېرەك بولىدۇ ، يېرىم ـ يارتا قىلىپ قويغان ئىش ئەمەلىيەتتە قىلىنمىغانغا باراۋەر بولىدۇ ، كالا ئەمەلىيەتتە ئەركىنلىككە ئېرىشمەكچى ئىدى ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى سەۋەبلىك ئازراق مەنپەئەتتىن ۋاز كېچەلمەي ، كىچىك ئەرزىمىگەن بىر نەرسە ئۈچۈن ، مەقسەت ـ مۇرادى بەربات بولۇپ كەتتى . شۇڭا ، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغاندا كىچىك ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەك ، بولمىسا ئارغامچىنى دەپ ، ئىشنى ئۇزۇل ـ كېسىل قىلماي ، مۇرادى ھاسىل بولمىغان كالىغا ئوخشاش ئەقىلسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ قالىدىغان ئىش بولىدۇ .

مەن بۇ قېتىم مەلۇم بىر شەھەردە مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئاڭلىدىم . شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان قەدىمكى ئۆيلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېڭى بىنا بەرپا قىلىش ئۈچۈن چېقىلماقچى ئىكەن . بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يول تەرەپتىكى خانىسى دۇكان قىلىنغان بولۇپ ، يىلىغا ئون نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىكەن . بۇ قېتىم چېقىلغاندا ئۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىسىگە دۇكان ھېسابىدا پۇل ھېسابلىنىپتۇ ، بەزىلىرىگە ئۆي ھېسابىدا پۇل ھېسابلىنىپتۇ . بۇنىڭ سەۋەبى بەزىلەر ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇق رەسمىيىتىنى بېجىرتكەندە دۇكاننى دۇكان ، ئۆيىنى ئۆي دەپ رەسمىيەت ئالغانىكەن ۋە شۇنداق رەسمىيەت ھەققىنى تۆلىگەنىكەن . بەزىلەر يۈز يۈەن رەسمىيەت ھەققىدىن قېچىپ دۇكاننىمۇ ئۆي ھېسابىدا رەسمىيەت ئۆتەپتۇ . بۇ قېتىم چاقىدىغان ۋاقىتتا نەچچە ئون مىڭ يۈەندىن قۇرۇق قاپتۇ ۋە لېۋىنى چىشلەپتۇ . بۇ مەھرۇملۇقنى كىمدىن كۆرگۈلۈك ؟

---

① قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلغان «خەنزۇ خەلق مەسەللىرىدىن تاللانما»دىن ئېلىندى .

# توشقانلارنىڭ ئىبرىتى

— زالىم پادىشاھلار ۋە تاجاۋۇزچىلار بەخش ئەتكەن شان - شەرەپ ، مەيلى قاچانلا بولمىسۇن ، خەلققە ئېغىر بالا - قازا كەلتۈرىدۇ .

— خاتىرەمدىن

بىر تاغنى ماكان قىلغان سان - ساناقسىز توشقانلار بۆرە تېغىنىڭ پادىشاھى يوقلاپ كېلىدىكەن ، دېگەن خۇش خەۋەردىن قىن - قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كېتىشىپتۇ . چۈنكى پادىشاھنىڭ يوقلاپ كېلىشى ، توشقانلار ئۈچۈن ناھايىتى زور شان- شەرەپ ئىكەن .

ئۇلار ئۇۋىلىرىدىن چىقىشىپ ، بىر - بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشۈپتۇ . پادىشاھنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ قارشى ئېلىش تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ ، «بۇ يېڭى تارىخىي سەھىپە ، بالا - چاقا ، نەۋرە - چەۋرىلىرىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى! » دېيىشىپتۇ .

دېگەندەك بۆرە پادىشاھمۇ يېتىپ كەپتۇ . توشقانلار كىچىكلىرىنى يېتىلىشىپ ، چوڭلىرىنى يۆلەشتۇرۇپ چىقىپ ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا سانجاق - سانجاق بولۇپ ، شوئار توۋلىشىپ بۆرە پادىشاھقا بەخت تىلىشىپتۇ ؛ پادىشاھنىڭ مۇبارەك جامالىغا چوقۇنۇپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشۈپتۇ . بۆرە پادىشاھى باش لىڭشىتىپ ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ ۋە ئەلنى تىنچلاندۇرۇش ئېلانى چىقىرىپتۇ .

كاتتا مەرىكە - سورۇنلاردىن كېيىن ، بۆرە پادىشاھ بۇ يەر ناھايىتى ئوبدان يەر ئىكەن دەپ ، بۇ يەرگە بىر ئوردا ياساتماقچى بولۇپتۇ . توشقانلار ھەش - پەش دېگۈچە ئۆي - پۆيلىرىنى بۇزۇشۇپ ئورۇن بىكارلاپ بېرىپتۇ ، چاكار بولۇپ ئىشلەپ ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىپتۇ . بۆرە پادىشاھ نە ئورۇن - كۆرپە ، نە كىيىم - كېچەك ئېلىپ كەلمىگەن بولغاچقا ، توشقانلار : لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ئىشلىتىپ تۇرسىلا ، دەپ پادىشاھقا نۇرغۇن توشقان تېرىسى تۇتۇپتۇ . پادىشاھ تەبئىيكى ، بۇ يەردىن ھەر يىلى نۇرغۇن توشقان گۆشى چىقىدۇ ، غەللە - پاراقنى مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئالسام ، ھېسابتىن ئېشىپ قالىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، توشۇش خىراجىتى تېجىلىدۇ ، دەپ ئوزۇقلۇقمۇ ئېلىپ كەلمەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ئەھۋال تېزلا ئۆزگىرىپتۇ : توشقانلارنىڭ يۇكسەك ئارزۇ - تىلەكلىرى ھەش - پەش دېگۈچە ئېچىنىشلىق نالە - زارغا ئايلىنىپتۇ . ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى مەمۇرچىلىق كۈنلەر پاجىئە ۋە نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپى بىلەن ئالمىشىپتۇ . ئاخىرىدا ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ شۇم تەقدىردىن قۇتۇلالماپتۇ . بىراق ئۇلار بەربىر باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىش كۆرگەن بولغاچقا ، قاتتىق ھەسرەت چېكىشىپ قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ :

— ھەي ئىست ، بىز شۇنچە ئاقىل تۇرۇپ نېمىشقىمۇ باشتا ئوبدانراق ئويلاپ ئىش قىلمىغاندۇق ، ئىست ! — دەپ پۇشايمان قىلىشىپتۇ.①

× × ×

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

توشقان ئاقساقاللىرىنىڭ پۇشايمىنى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدۇ ، چۈنكى ئۇلار تالا مۇشۇكى تەرىپىدىن تالان- تاراج قىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن قوغلانغان مۇشۇككە ئوخشاپ قالدى ئەمەسمۇ . بولۇپمۇ بۇنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى ، ئۇلار زالىم پادىشاھنى ئۆزلىرى ئىككى قوللاپ تەكلىپ قىلغان ، بىردەملىك ساختا ھىجىيىشلارغا ، دولىغا ئۇرۇپ قويۇشلىرىغا ئالدىنىپ كېيىنكى كۆلپەتلەرنى كۆرەلمىگەن .

ئۆزىنىڭ تەقدىر - قىسمىتىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۇنىڭدىن مېھىر - شەپقەت كۇتۇشنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولماي يەنە قانداق بولماقچى ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# تۈلكىنىڭ كانىيى

— «كىم ئوت قويسا ئۆزى ئىسىنىدۇ» .

— قەدىمكى ئۇيغۇر ماقالى

تۈلكە ھەمىشە كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان ئىشلارنى ئويلاپ يۈرىدۇ . ئۇنىڭ قىلىقلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ . بىر كۈنى بىر تۈلكە بىر دانە كانايىنى ئاغزىغا ، يەنە بىر ئوتقاشنى قۇيرۇقىغا باغلاپ كەڭ دالىنى كېزىپ يۈرۈپتۇ . تۈلكە كانايدا : «خالايىق ، ئوتتىن ھوشيار بولۇڭلار! بۇزۇقلار ئوت قويۇۋاتىدۇ! » دەپ توۋلاپ ماڭغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قۇيرۇقى بارغانلا يەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ مېڭىپتۇ .

ئۇنىڭ بۇ قالتىس ھەرىكىتىگە مەپتۇن بولغان يىراق ـ يېقىن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىپ ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاپتۇ . ئۆزىنىڭ بۇ قالتىس مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغان تۈلكە بىردىن توختاپ ئۆز ھەرىكىتىنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ :

— قېرىنداشلار ، مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم ئوتتىن ساقلىنىڭلار ، دېگەن ئاۋاز ، ئوت نەدىن چىقسا شۇ يەرگە تۇتىشىپتۇ! دېگەن ئىشتىن ئىبارەت ، دەپتۇ . ئوتنى كىم تۇتسا ، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ ، دېگەن مانا شۇ .①

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

× × ×

ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلدى ، دېگەن مانا شۇ ، ئادەم تۇرمۇشتا ئۇتقۇيرۇقلاردىن ھوشيار بولۇش ھەم ئۆزىمىز ئۇتقۇيرۇق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم .

ئادەم تۇرمۇشتا ئېھتىيات قىلىدىغان مۇنداق بىرقانچە ئىش بار . بىرى ، ئوتنى ئوينىماسلىق ، ئوت بىلەن ئويناشماسلىق ، ئوت ئويناماسلىق دېگەن گەپ پېتىنە - پاسات بىلەن ، ھەسەتخورلۇق بىلەن ، تۆھمەتخورلۇق بىلەن شۇغۇللانماسلىق دېگەنلىك بولىدۇ . ئوت بىلەن ئويناشماسلىق دېگەن گەپ ، كاتتا ئەربابلار بىلەن ، ئەمەلدارلار بىلەن ئويناشماسلىق . يەنە بىرى ، ئەسكى ، يۈزسىز ئادەملەر بىلەن ئارىلاشماسلىق ۋە ئۇلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلماسلىق دېگەندەك قوش مەنىدە يۇرگۈزۈلىدۇ .

بەزىلەر باشقىلارغا ئېغىزى يىرتىلغۇچە ۋەز - نەسىھەت قىلىدۇ ، ھەقىقەت سۆزلەيدۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى بولسا ھەقىقەتكە كۆز يۇمىدۇ ، يامانلىقنى خالىغانچە قىلىدۇ ، شۇڭا ئاللاھنىڭ مۇقەددەس كالامىدا «باشقىلارغا ياخشى ئىشنى بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاتا دەستۇرى

— ئاتا پەندىنى سەن قاتتىق تۇت ، قاتتىق ، ئىشلىرىڭ قۇتلۇق بولۇر كۇنسايىن تاتلىق .

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ، ۋاقىت بولسا ئۆمۈر بىناسىنى يىمىرىپ تامام قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن پادىشاھ بىر كۇنى جۇپ كۆزىنىڭ ئاقۇ قارىسى بولغان يالغۇز ئوغلىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ :

— جىگەر پارەم ئوغلۇم ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، مەن قېرىپ قالدىم . يەنە بەش كۇنلۇكۇم بارمۇ ـ يوقمۇ ، بۇ خۇداغا ئايان . كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا تەخت سەلتەنەتمنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرۇپ ، قالغان ئۆمرۈمنى سېنىڭ ھىمايەڭدە راھىتىڭنى كۆرۈپ ئاسايىشلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈپ ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنىڭ پەيزىنى سۇرسەم .

— ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا ، ئاۋۋال ئۆمرىڭىز ئۇزاق بولسۇن ، بېشىمىزغا ئۆزىڭىز سايىۋەن بولۇپ ، ئۆمرىڭىز بېغىغا بىر ئۆمۈر ئۆزىڭىز باغۋەن بولۇڭ ئىلاھىم . مەن تېخى ياش ، پاناھىڭىزدا ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىۋالاي ، ياشلىقىمنىڭ زوقىنى سۈرەي . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا تېخى مەندە سالاھىيەت ۋە قۇدرەت يوق ، — دەپتۇ شاھزادە قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ .

پادىشاھ كۆڭلىدە ئەدەپ ـ ئىكراملىق ، مېھرىبان پەرزەنت

ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرىلەر قىپتۇ، ئوغلىغا مېھرى تېخىمۇ ئېشىپ، قەلبى سۆيۈنچكە تولۇپتۇ. كېيىن يەنە ئوغلىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن تەختتە ئولتۇرغىنىمدا سەندىنمۇ ياشراق ئىدىم. ياخشىدىن ئۆگەندىم، ياماندىن ئىبرەت ئالدىم. ئەلنىڭ كۆڭلىنى ئويلىدىم، ئەلنىڭ تىنچ - ئاساييشلىقى ئۈچۈن كۈرەشتىم، ئۆز ئېلىمگە ئەسلا زەرەر ۋە زاۋاللىق كەلتۈرمىدىم. ئەقىل نېمەتلىرى بىلەن ئۆمرۈمنى بەختلىك ھايات شادلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلدىم.

— ئاتىجان، سىز بىلەن باراۋەر بولماق خۇددى چۆلدە تۇرۇپ دېڭىزدا ئۈزۈشنى ئارزۇ قىلغان بىلەن ئوخشاش. سىز باشقا، مەن باشقىدە، — دەپتۇ ئوغۇل تەبەسسۇم بىلەن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپچىلىككە باش بولغان ئادەم ئۇلارنى نېمىگە دەۋەت قىلىۋاتقىنىنى ئۆزى ياخشى چۈشىنىشى، ئۇزاقنى نىشانلىغان ئېنىق بىر دەستۇرى بولۇشى كېرەك. ئۇستازلار شۇنداق تەلىم بېرىدۇ. لېكىن، مەن بۇ ھەقتە تېخى ئويلىنىپ كۆرگىنىم يوق.

پەرزەنتىنىڭ سەممىيەت بىلەن ئېيتقان يۈرەك سۆزلىرى شاھنىڭ ئۆز ئوغلى خۇسۇسىدىكى ئەنسىرىگەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپتۇ. ئۇ، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بىر ئاز خىيال سۈرۈپتۇ - دە، ئوغلىغا قاراپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، ئەتە سەھەردە سەپەرگە تەييار بول! ساڭا بىر مۇھىم تاپشۇرۇقۇم بار، — دەپتۇ جىددىي بىر ئاھاڭدا.

شاھزادە ئاتىسىغا قۇللۇق قىلىپ، پەرزەنتلىك بۇرچىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئېگىلگىنىچە ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ سەھەر تۇرۇپ شاھ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، شاھ ۋە

www.uyghurkitap.com



بىرقانچە ياساۋۇللارنىڭ ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئەتىگەنلىك سالام ۋە جاۋاب سالامدىن كېيىن شاھ شۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، شەرتىمىز شۇنداق، دىلىڭ ئاغرىمىسۇن. نۆكەرلەر كۆزۈڭنى تېڭىپ مەلۇم بىر مەنزىلگىچە ساڭا ھەمراھ بولۇپ بارىدۇ، كېيىن ئۇلار سېنى شۇ يەردە قويۇپ قايتىدۇ. ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى بېسىققاندىن كېيىن، كۆزۈڭدىكى تېڭىقنى يېشىپ كۆزۈڭنى ئاچىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سەپەرنى ئۆزۈڭ يالغۇز داۋام قىلدۇرىسەن. ئەمدى گەپنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سال، ساڭا بەش شەرتنى ئېيتىپ بېرىمەن. ھەرقانداق شارائىت ئاستىدىمۇ بۇ شەرتلەرنى ئادا قىلىشىڭ زۆرۈر. كۆزۈڭنى ئاچقىنىڭدا بىرىنچى قېتىم كۆرگەن نەرسەڭنى يەپ يۇتۇۋېتىسەن، ئىككىنچى ئۇچرىغان نەرسىنى يوشۇرىسەن، ئۈچىنچى ئۇچرىغان نەرسىگە ساداقەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىسەن، تۆتىنچى ئۇچرىغان نەرسىنى نائۇمىد قايتۇرمىغايسەن، بەشىنچى ئۇچرىغان نەرسىدىن نېرى قاچىسەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، بۇزرۇكۋار ئاتا، — دەپتۇ شاھزادە تەزىم بىلەن.

— بۇ ۋەزىپىلەرنى بىجىرىپ بولۇپ يەنە ئارقاڭغا قايتىسەن. ئوغلۇم، سەپىرىڭ بەختەر بولسۇن!

ئاتا - بالا مېھىر يالقۇنلىرى تەپتىدىن يىغلاپ قۇچاقلىشىپ خەيرلىشىپتۇ...

ئۇلار ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ. چۈش ۋاقتى بولغاندا يولۇچىلار توختاپتۇ. ياساۋۇللار باشلىقى ئەمدى ئارقىغا قايتىدىغانلىقىنى شاھزادىگە ئېيتىپتۇ. ھەممە ئاتلىقلار ھاي - ھۇي دېيىشىپ، ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپتۇ. ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىشىپ كېتىپتۇ.

ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى تىنىپ ، ھەممە يەر تىنچلىققا چۆمۈپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىنلا ، شاھزادە كۆزىنى قاپقارالغۇ قىلىپ تۇرغان تېگىقىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ . كۆزى يورۇقلۇققا كۆنگەندىن كېيىن ، چېكى يوق باياۋاندا ئۆزى يالغۇز تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە ، كۆڭلى ئاسقىپتۇ . «يا ئەلھەزەر! » دەپ تاشلاپتۇ شاھزادە . شەرتتە ئۇ بىرىنچى كۆرگەن نەرسىنى يەپ يۇتۇۋېتىشى كېرەك ئىدىغۇ ؟! بىر ئاز تۇرۇپتۇ - دە ، ئۆز ئىرادىسىگە سەۋر - تاقەت تىلەپتۇ . كېيىن خۇددى غەم تېغىنى يەپ يۇتۇۋەتكەندەك غەيرەت-شىجائەت بىلەن يىراقتىن كۆرۈنگەن تاغ تەرەپكە قاراپ يۈرۈشكە باشلاپتۇ . مېڭىپ تاغقا يېقىنلاشقانسېرى ، شاھزادىنىڭ ھەيرانلىقى ئېشىپتۇ . چۈنكى ، ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ ، ئۇ تاغقا يېقىنلاشقانسېرى ، ھەيۋەتلىك قارا تاغ تېخىمۇ كىچىك كۆرۈنۈپتۇ . شاھزادە تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلگەندە تاغدىن ھېچبىر ئەسەر قالماپتۇ ، پەقەت باش بارماقتەك كېلىدىغان بىر تال قاپقارا تاش قاپتۇ . غەم تېغىنى بېشىدىن غولىتىپ تاشلىغان مۆجىزىدىن كۆڭلى ئىنتايىن شادلانغان شاھزادە تاغدىن نەمۇنە سۈپىتىدە قالغان كىچىككىنە قارا تاشنى ئاغزىغا سېپتۇ - دە ، ئۇنى يۇتۇۋېتىپتۇ . شۇ پەيتتە ھەيرانلىقتىن يەنە دالڭ قېتىپ قاپتۇ . چۈنكى ئۇ ، مۇشۇ ۋاقىتقىچە تېتىپ كۆرگەن شېرىنلىكلەر ئىچىدە بۇنداق مەززىلىك ۋە تاتلىق نەرسىنى ئەسلا يەپ باقمىغانىكەن .

بۇ مۆجىزىدىن ھاياجانلانغان شاھزادە يەنە ئۆز يولىنى داۋام قىپتۇ . بىر ۋاقىتتا قارىسا ، يول ئۈستىدە ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرغان بىر لېگەن ئالتۇن تۇرۇپتۇ . شاھزادە دادىسى ئېيتقان شەرتنى ئەسلەپ «ئىككىنچى ئۇچرىغان نەرسىنى يوشۇرۇشۇم كېرەك» دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ . ئۇ دەرھال بىر ئورەك

كولاپ ، ئالتۇن بىلەن لىگەننى كۆمۈۋېتىپتۇ . شاھزادە ئۆز ئىشىدىن خۇرسەن بولۇپ يەنە يولغا چۈشۈپتۇ . بىراق ، بەش ئالتە قەدەم مېڭىپ ئىختىيارسىز ئارقىسىغا شۇنداق قارىسا ، كۆمگەن ئالتۇنلار لىگەن بىلەن يەنە يەر ئۈستىدە تۇرغۇدەك . بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتۇپ : «تۇۋا» دەپتۇ شاھزادە ، ئاندىن يەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر كولاپ ئالتۇن بىلەن لىگەننى قايتىدىن كۆمۈپتۇ . ئاز ئۆتمەي قارىسا ، ھېلىقى مۆجىزە يەنە تەكرارلىنىپتۇ . شاھزادە ئالتۇنلارنى ئۈچىنچى قېتىم تېخىمۇ مەھكەم كۆمۈپ قويۇپ ، ئاندىن بىر ئاز مېڭىپ خاتىرجەم بولالماي ئارقىسىغا قارىسا ، ئالتۇنلار يەنە يەر يۈزىگە چىقىپ قاپتۇ . بۇنى كۆرگەن شاھزادە «ئەمدى بۇنى كۆمۈشنىڭ ئىلاجى يوق ئوخشايدۇ . شەرتنى ئادا قىلىپ ئۈچ قېتىم كۆمدۈم» دەپتۇ ـ دە ، يولىغا راۋان بوپتۇ . ئازغىنا يول يۈرگەندىن كېيىن قارىسا ، ئاپئاق بىر كەپتەر بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپتۇ . كەپتەر ئادەمدەك سۆزلەپ : «ئەي ساخاۋەتلىك ئادەم ، مېنىڭ ئارقامدىن لاچىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ . ھاياتىمنى ساقلاپ قالغىن ، قوينۇڭغا كىرىپ مۆكۈۋالاي» دەپ شاھزادىگە يېلىنىپتۇ ، شاھزادىنىڭ كەپتەرگە رەھمى كەپتۇ . ئەسلىسە ، ئۈچىنچى ئۇچرىغان نەرسىگە ساداقەت كۆرسىتىش شەرت ئىدى . شاھزادە كەپتەرنى دەرھال قوينىغا يوشۇرۇپتۇ . لېكىن ، بىردەمدىن كېيىن شاھزادىنىڭ ئۈستىدە چەرخ ئۇرۇپ پەيدا بولغان لاچىن تىلغا كىرىپتۇ : «ئەي ساھىبقىران ، مېنىڭ رىزقىمنى قوينۇڭغا يوشۇرۇۋېلىش ساڭا لايىقمۇ ؟ تاغ كامىرىدىكى ئۇۋامدا ئۈچ بالام ئاچلىقتىن چىرىلداپ ياتىدۇ . ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى بەر» دەپ نالە قىپتۇ لاچىن . شاھزادە نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ . ئەگەر كەپتەرنى لاچىنغا قايتۇرۇپ بەرسە ، ئۈچىنچى شەرت بۇزۇلىدىكەن ، بەرمىسە …

دېگەندەك ، لاچىن شاھزادىگە تۆتىنچى بولۇپ ئۇچرىدى . ئۇنى نائۇمىد قويماسلىق شەرت ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ، شاھزادە كەسكىن بىر قارارغا كېلىپ ، ئۆز يوتىسىدىن بىر پارچە گۆش كېسىۋاپتۇ - دە : «مانا بۇنى بالىلىرىڭغا ئېلىپ بار» دەپ لاچىنغا تەڭلەپتۇ . جېنى قاتتىق ئاغرىغان بولسىمۇ ، بىراق لاچىننى نائۇمىد قىلماي ، كەپتەرگىمۇ ساداقەت كۆرسەتكىنىدىن شاھزادىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يايراپ كېتىپتۇ . مۆھتەرەم ۋە مۆتىۋەر دادىسىنىڭ ئالدىدا يۈزى يورۇق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، دىلى نۇرلىنىپ كېتىپتۇ .

يولنى داۋام قىلغان شاھزادىنىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر شەھەر كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ . شەھەرگە يېقىنلىشىپ قالغاندا ، ئاجايىپ بىر بەتبۇي پۇراقتىن شاھزادىنىڭ كۆڭلى بىئارام بوپتۇ ، دىققەت قىلىپ قارىسا ، يول ياقىسىدا قوتۇر بېسىپ كەتكەن بىر ئېشەك سېسىپ ياتقانىكەن . شاھزادە بۇنى كۆرۈپ ، يولدىن چەتنەپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، يىراقتىن ئايلىنىپ مېڭىپ شەھەرگە كىرىپتۇ . كېيىن ئويلاپ قارىسا ، ئۆلۈمتۈك قوتۇر ئېشەك ئۇنىڭ يولىدا ئۇچرىغان بەشىنچى نەرسە ئىكەن . شاھزادە ئۆزى سەزمىگەن ھالدا ئاتىسىنىڭ بەشىنچى شەرتىنىمۇ ئادا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ - دە ، بۇنىڭدىن بەك خۇرسەن بوپتۇ . ئۇ شەھەرگە كىرىپ كارۋان سارايغا ئورۇنلىشىپ ئازراق ئارام ئاپتۇ . شاھزادە دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئويلاپ - ئويلاپ ئاتىسىنىڭ بەش شەرتىنى ئادا قىلىش جەريانىدا يۈز بەرگەن مۆجىزىلەرنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي ھەيرانلىقتا قاپتۇ . كېيىن شەھەر ئايلىنىپ ، ئۆزىنىڭ قايسى شەھەردە ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالغاندىن كېيىن ، بازار ئايلىنىپ تاماشا قىپتۇ . ئۇ گويا ئۆزىنى ئون ياش

uyghurkitap.com

چوڭ بولغاندەك ھېس قىپتۇ . ئۆزى گۇۋاھ بولغان مۆجىزىلەرنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن پايتەختكە يول ئاپتۇ . مويسىپىت شاھ ئۆز ئوردىسىدا شاھزادىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ :

— قانداق ، سەپىرىڭ خەيرلىك بولدىمۇ ، شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئادا قىلدىڭمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ تەبەسسۇم بىلەن .

— ھەزرىتىم ، بۇ مۆجىزىگە تولغان سەپەر مېنىڭ پۈتۈن ئەقىل ۋە پىكرىمنى قارىمۇۋالدى . بۇنىڭدا قانداق سىر ـ ئەسرارلارنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەي ھەيران ۋە گىريانمەن ، — دەپتۇ شاھزادە ۋە سەپەر جەريانىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە قويماي ئاتىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ .

شاھ ئوغلىنىڭ ھېكايىسىنى جان قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ ، بىر ۋاقىتقىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپتۇ ، كېيىن سۆزلەشكە باشلاپتۇ .

— بىرىنچى قېتىم كۆزۈڭگە كۆرۈنگەن قاپقارا تاغ بىر ۋاقىت ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان غەم ـ كۈلپەتتۇر . بۇنداق پەيتتە ئىنسانغا بىقىياس سەۋر ـ تاقەت كېرەك بولىدۇكى ، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە غەم تېغى يىمىرىلىپ ، كىشى ئەزگۈلۈك ۋە يورۇقلۇققا ئېرىشىدۇ . ئىككىنچى ئۇچرىغان ئالتۇن بار لېگەن — كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلىدىغان ياخشىلىقلىرىدۇر . ياخشىلىقنى ھېچقانداق كۈچ كۆمۈۋېتەلمەيدۇ ھەم يوق قىلالمايدۇ . دۇنيادا ياخشىلىقنى يوق قىلىۋېتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ ھەم يوق . ئۇ ، يوق قىلىنغان ھالەتتىمۇ ۋاقىت ئۆتۈپ ئاخىر بىر كۈنى ئاشۇ لېگەندىكى ئالتۇندەك قايتا نامايان بولۇۋېرىدۇ . ۋەدە ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇدۇر . ئۆز سۆزىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىدىغان ساداقەتلىك كىشىلەر كۆپ

بولغان مەملىكەتتە ھالاللىق، مەردلىك ھۆكۈمران، ئەل - ئۇلۇس توق - پاراۋان ۋە دۆلەت مۇستەھكەم بولىدۇ، ھەممە كىشى بەختىيارلىق قۇچىقىدا بولىدۇ. كەپتەرگە كۆرسەتكەن ساداقىتىڭ ئەنە شۇ ئىزگۇ ئىشلارنىڭ نەمۇنىسىدۇر. بېشىغا چۈشكەن مۈشكۈلنى ئاسان قىلىش نىيىتىدە سەندىن ياردەم سورىغان ئادەم يۈزلەرچە تارتىنىش ۋە خىجىللىق بىلەن ئالدىڭغا كېلىدۇ. ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن كىشىنى ھېچقاچان نائۈمىد قايتۇرماسلىق كېرەك. سېنىڭ ئۆزۈڭگە ئايان، ئاز - تولا ئازاب تارتتىڭ، لېكىن لاچىننى نائۈمىد قىلمىدىڭ. مېھىر - شەپقەتلىك كىشىلەر مىسكىن ۋە ئاجىزلارغا شەپقەت قولىنى دائىم سوزىدۇ. مېھرىبانلىق ئالدىدا ھەرقانداق بالا - قازامۇ ئۆز نىيىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئاخىرقىسى، ئەگەر ئادەم ئۆز ئۆمرىنى پىسقۇپاسات، غەيۋەت - شىكايەت، تۆھمەت ۋە ئىغۋا، دىل ئازارلىق، قانخورلۇق بىلەن ئۆتكۈزسە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە يەتكەن مەرتىۋىسى سەن كۆرگەن ئاشۇ سېسىپ ياتقان ئۆلۈمتۈك ئېشەككە ئوخشىشىدۇ. سەن يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ناچار ئىللەتكە پەرھىز قىلساڭ، ئۆمۈر بويى ئاسايىش ۋە بەختىيارلىقتا ئۆتىسەن. بۈگۈندىن باشلاپ تەخت - سەلتەنەت سېنىڭكى، ساڭا مۇبارەك بولسۇن! — دەپ شاھ پاتىھە ئوقۇپ ئۇزۇن ۋە ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپتۇ.

شۇندىن كېيىن، شاھزادە ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقتىن، دۆلەت ئىچى تىنچ - ئامان، خەلق پاراۋان ھايات كەچۈرۈپتۇ.①

× × ×

① قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشر قىلغان «بىر سۆزۈم بار ئۈچ تىللا» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

يۇقىرىقى نەسىھەت ھەممىمىز ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن ! ئەلگە ھاكىم بول ياكى ئەلنىڭ بىر ئاددىي ئەزاسى بول ، ئۇنىڭغا ئازراق دەسمايە بىلەن كىرمەك لازىمدۇر . بۇ دۇنياغا قۇرۇق قول كېلىمىز ، قۇرۇق قول قايتىپ كېتىمىزكى ، بۇ زېمىنغا ھېچبولمىغاندا بۇ دۇنياغا ياكى بۇ ئۆتەڭگە چۈشۈپ ئۆتكىنىمىزنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە بىرەر ئىز قالدۇرۇپ قويۇشقا تىرىشىش لازىم .

بولۇپمۇ ئەلگە ھاكىم بولغان ئادەم ئەل ئۈچۈن مېھرىبان ۋە جان كۆيەر بولۇشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خېلى كۆپ دەسمايە بولۇشى كېرەك بولىدۇ . دەسمايىسىز تۇرۇپ زورىغا ئەلگە ھاكىم بولغان ئادەم بۇ دۇنيادىمۇ خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ ، ئۇ دۇنيادىمۇ جاۋاب بەرمىكى تەس بولىدۇ .

# بىغەم چاشقاننىڭ ھېكايىسى

— ۋەجنى تاپماقتىن قولدا تۇتۇپ تۇرماق مۇشكۇل .
— خەلق ھېكمەتلىرى

بىر كۈنى بىر ئاقىل بوۋاي ، باللىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ ئۇلارغا مۇنداق نەسىھەت قىلىپتۇ :

باللىرىم «كاسىپ كىشى خۇدانىڭ دوستىدۇر» دېگەن گەپ بار . كەسىپ ئۆگىنىڭلار ، ئۆگىنىشتە ھامان قىيىنچىلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ . بىراق تىرىشچانلىق قىلساڭلارلا ئۆگىنىش ھەم ۋەجى توپلاش ئۇنچە تەس ئەمەس . ئەگەر كىشىنىڭ قولىغا دۇنيا كىرسە ئىككى ئىش قىلىش لازىم . بىرىنچىسى ، ئۇنى يوقىتىشتىن ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراشتىن خاتىرجەم بولغۇدەك دەرىجىدە ساقلاش كېرەك . ئوغرى - قاراقچى ۋە ئالدامچىلارنىڭ قولى ئۇنىڭغا يېتەلمەسلىكى كېرەك . چۈنكى ، زەرنىڭ دوستى كۆپ ۋە زەردارنىڭ دۈشمىنى ئاز ئەمەس . يەنە بىرى شۇكى ، پايدىسىدىن خەجلەش كېرەك ۋە ئەسلىي سەرمايىنى يوقاتماسلىق كېرەك . چۈنكى پايدىسىغا قانائەت قىلماي ، سەرمايىدىن خەجلىسە ، تېز ئارىدا ھەممە دۇنياسى شامالغا سورۇلىدۇ .

كەلمىسە دەريا سۈيى ھەردەم ئېقىپ ،
سۇ تۈگەپ دەريا قۇرۇق قالغاي بېقىپ .
تاغدىن تۇپراق ئېلىشنى قىلساڭ داۋام ،
ئورنىغا گەر قويمىساڭ بولغاي تامام .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر ھەركىمنىڭ تاپاۋتى بولمىسا، لېكىن بارىنى خەجلەۋەرسە ياكى تاپاۋتى بولسىمۇ خىراجىتى تاپاۋىتىدىن ئارتۇق بولسا، ئاقىۋەت ئۇ موھتاجلىققا چۈشۈپ قالىدۇ دەپ مۇنۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بىر دېھقان ئېھتىيات يۈزىسىدىن بىر قىسىم بۇغداينى يوشۇرۇپ قويغانىكەن ۋە ئۇنىڭغا پەقەت قول تەگكۈزمەي، ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياجى چۈشكەندە ئىشلەتمەكچى بولغانىكەن. ناھايىتى ھېرىس بولغانلىقىدىن ئاسمان زىرائەتگاھىدىكى ھوكەرنىڭ بېشىغا چاڭگال سالىدىغان ۋە ئاي خامىنىدىن دان ئوغرىلايدىغان بىر چاشقان نەق ھېلىقى بۇغداي يوشۇرۇلغان ئورنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئۇۋا تۇتقانىكەن. ئۇ چاشقان ھەر تەرەپكە تۆشۈك كولاپ ئۆزى خالىغان جايغا بېرىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى ھېلىقى ئورنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ بىر تۆشۈك ئاچقانىكەن، بۇغدايغا كامار ئېچىلىپ، خۇددى ئاسماندىن يۇلتۇزلار چۈشكەندەك ئورىدىكى بۇغدايلار ئۇنىڭ بېشىغا چېچىلىپتۇ. چاشقان: «رىزق ئاسماندا» دېگەن سۆز راست ئىكەن - دە! دەپ ئويلاپ، شۇنچە كۆپ نازۇنېمەتلەرنى تاپقىنىغا شۈكرى قىلىپ، شۇنداق قىممەتلىك گۆھەرلەر قولغا كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى قارۇن ۋە پىرئەۋىن بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، لاپ ئۇرۇپ پو ئېتىشقا باشلاپتۇ. شۇ مەھەللىنىڭ چاشقانلىرى ئۇنىڭ شۇنچىلا كۆپ نەرسىلەرنى تاپقىنىدىن خەۋەردار بولۇشۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بەل باغلىشىپتۇ ۋە ئۇنى يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ دوست ۋە دۈشمەنلىرى ھەممىسى قېشىغا كېلىپ، خۇشخۇيلۇق كۆرسىتىشىپ، خۇشامەت قىلىشىپ، ئۇنى ماختاپ كۆڭلىگە ياقىدىغان گەپلەرنى تېپىپ قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ چاشقانمۇ خۇددى ساراڭغا ئوخشاش ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ،

لاپ ئۇرغىلى باشلاپتۇ ۋە تۆشۈكتىن چۈشۈۋاتقان بۇغدايلارنى تۇگىمەيدۇ دەپ ئويلاپ، چاشقانلارغا ئايىماي ئۇلەشتۇرۇپ بېرىۋېرىپتۇ. لېكىن، ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىپ، كەلگۈسىنى ئويلاشقا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەپتۇ ۋە بۈگۈننىلا كۆرۈپ، ئەتە توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمەپتۇ. ئۇ خۇددى: «ساقىيا، مەي بەر بۈگۈنكىم، كىم كۆرۈپتۇر ئەتىنى» دېگەندەك ئەيش - ئىشرەت بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، سىرتتا قەھەتچىلىك بولۇپ، كىشىلەر تەڭلىكتە قېلىپ، ئاچلىق ئوتى كىشىلەر كۆكسىدە يانغان پەيت ئىكەن. ھەممە يەر ئاچلىقتىن «نان» دەپ جان بېرىشىۋاتقان كىشىلەر بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىكەن. كىشىلەر ئۆي، مال - مۈلۈكلىرىنى ئاشلىققا تېگىشمەن دېسىمۇ ھېچكىم ئالمايدىكەن.

نان كۆرمەكچى بولۇپ كىشى قىلسا ھەۋەس،
ئۈستۈن قاراپ ئاي ۋە كۈننى كۆرەتتى بەس.
تەڭلىك ئىچرە قالغان ئىدى بارچە كىشى،
ئاچلىقتىن جان بەرمەك ئىدى خەلق ئىشى.

ئۆز دۆلىتىگە مەغرۇر بولغان چاشقان ناز - نېمەتلەرنى تۆكۈپ تاشلاپ، قەھەتچىلىكتىن قىلچە بىخەۋەر، ئىززەت بىساتىدا ئولتۇرىۋېرىپتۇ. قەھەتچىلىك جېنىغا يەتكەن دېھقان ئاخىرى ئورىنى ئېچىپتۇ. بۇغداينىڭ كەملەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن دېھقان ئاھ ئۇرۇپ، پىغان چېكىپ، پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، يەنە قالغىنىغا شۈكرى قىلىپ، ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ سېرىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. دېھقان بۇغداينى ئېلىۋاتقان پەيتتە، ھېلىقى ئۆزىنى پۈتۈن ئورىنىڭ خوجايىنى ۋە ئاشلىقنىڭ ئىگىسى

www.uyghurkitap.com

دەپ لاپ ئۇرىدىغان چاشقان ئۇيقۇدا ئىكەن . باشقا چاشقانلارمۇ ئۆزلىرىگە قاتتىق تەمەننا قويغانلىقىدىن ، دېھقانىنىڭ ئۆرىدىن بۇغداي ئېلىۋاتقان شەپىسىنى ئاڭلىماپتۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ھوشيار چاشقان بار ئىكەن . ئۇ شەپىنى ئاڭلاپ گۇمانلىنىپ ، ئۆۋىسىدىن ئورنىنىڭ قىرغىقىغا چىقىپتۇ ۋە تۆشۈكتىن قاراپ دېھقانىنىڭ ۋەقەسىنى كۆرۈپ ، ھودۇققان پېتى يۈگۈرۈپ كىرىپ يارانلىرىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇپلا ئۆزىنى بىر چەتكە ئاپتۇ . باشقا چاشقانلارمۇ بىردىن بۇلۇڭغا مۆكۈنۈشۈپتۇ ، ئۇلارنىڭ نازۇنېمەتلىرىنىڭ ئىگىسى بولغان چاشقان ئۇخلىغان يېرىدە يالغۇز قېلىۋېرىپتۇ .

دوستلىرىڭ دوست بولغۇسىدۇر ئىشىڭغا ،
يەنە مېھنەت بىرى كەلمەس قېشىڭغا .
بولسا كىم مېھنەتتە دوست ، ئۇ جانغا دوست ،
دوست ئەمەس دۆلەتتە دوست ، ئۇ نانغا دوست .

بۇ ۋەقەدىن بىر كۈن ئۆتكەندە ، ئۇيقۇدىكى چاشقان راھەت ياستۇقىدىن باش كۆتۈرۈپ ، ئوك ۋە سولغا قاراپتۇ . لېكىن ، مۇلازىملىرىدىن ھېچ قايسىسى كۆرۈنمەپتۇ . ئالدى ۋە كەينىگە قاراپتۇ ، ئۇلاردىن نىشان تاپالماپتۇ - دە ، پىغان چېكىپتۇ :

ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەھقىقلەش ئۈچۈن تالاغا چىقىپتۇ . قارىسا خالايىقلار ئىچىدە قەھەتچىلىك بولغانىكەن . بۇنى كۆرگەن چاشقان : «بۇ ئاچارچىلىق پەيتىدە ، بۇغداينى ئىسراپ قىلماي ، ياخشى ساقلىشىم لازىمكەن» دەپ ئويلاپ دەرھال ئۆۋىسىغا يېنىپ كىرىپ ، تۆشۈككە قارىسا ، بۇغداينىڭ ئەسىرى كۆرۈنمەپتۇ . ئورا ئىچىگە چىقىپ قاراپمۇ بىر كۈنلۈك ئوزۇق بولغۇدەك بىر نەرسە

تاپالماي ، تاقىتى - تاق بولۇپ ، ئىزتىراپ قولى بىلەن جان ياقىسىنى تۇتۇپ ، سەۋدايى بېشىنى يەرگە شۇنداق ئۇرۇپتۇكى ، مېڭىسى چاچراپ كېتىپتۇ . بەتخەجىلىكنىڭ كاساپىتى ۋە بىكار تەلەپلىكنىڭ شۇملۇقىدىن هالاكەتكە ئۇچراپتۇ .

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى ، هەرقانداق كىشى كىرىمگە بېقىپ چىقىم قىلىش كېرەك . دەسمايىسىنى ياخشى ساقلاپ ئۇنىڭ پايدىسىدىن مەنپەئەتلىنىش كېرەك .

ئاتىسى بۇ هېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىك ئوغلى كېلىپ ، ئالدى بىلەن ئاتىسىغا دۇئا قىلىپتۇ ، ئاندىن ئۆز سۆزىنى زىننەتلەپ مۇنداق دەپتۇ :

— ئەي ئاتا! ئەگەر كىشى مال - دۇنياسىنى ئۆز قائىدىسى بىلەن مۇهاپىزەت قىلسا ، ئۇنىڭدىن ناهايىتى كۆپ پايدا قولغا كەلسە ، ئەنە شۇ پايدىسىنى قانداق تەرىقىدە خەرج قىلسا ياخشى بولىدۇ ؟

— هەممە ئىشتا ئوتتۇراهال يول تۇتۇش ياخشى ، بولۇپمۇ مەئىشەت بابىدا شۇنداق قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر . شۇڭا مال - دۇنيا تېپىپ ، ئۇنى مۇهاپىزەت قىلىپ ، پايدا تاپقان كىشى مۇنۇ ئىككى قائىدىگە رىئايە قىلىش كېرەك : ئۇنىڭ بىرى شۇكى ، ئىسراپ قىلىش ۋە بىهۇدە خەرج قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىش كېرەك . بۇنداقتا پۇشايمان يەپ قېلىشتىن ۋە خالايىقنىڭ تەنە قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ . هەقىقەتەنمۇ مال - دۇنياسىنىڭ هېساباتىنى بىلمەي ، ئىسراپ قىلىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدۇر . ئىسراپخورلار شەيتاننىڭ تۇغقانلىرىدۇر .

گەرچە بولمايدۇ بېخىل ئىككى جاھاندا يۈزى ئاق،
شۇندىمۇ بېخىل ئىشى ئىسراپ قىلىشتىن ياخشىراق.

ئىككىنچىسى شۇكى، بېخىللىق بەتنامدىن ئۆزىنى يىراق ساقلىشى لازىم. بېخىل كىشى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامان ئاتلىق بولىدۇ. دۇنيادار بولغان كىشى بىخىل بولۇپ قالسا، ھەممە ۋاقىت خالايىقنىڭ تەنە ئوقىغا نىشان بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋالىدۇ. بېخىلنىڭ دۇنياسى ئاقىۋەت بۇلاڭ ـ تالاڭغا كېتىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شۇكى، بىر چوڭ كۆل بولسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئېرىقلاردىن ھەمىشە سۇ كىرىپ تۇرسا، لېكىن ئايىغى چىقمىسا، يىغىلغان سۇ كۆلگە پاتماي قىرغاقتىن تېشىپ ھەر تەرەپكە يار ئېلىپ كېتىپ، ئاخىر كۆلمۇ بىر يولى ۋەيران بولۇپ، ئەتراپتىكى خەلقلەرنىمۇ پاراكەندە قىلماي قويمايدۇ. بېخىلنىڭ قولىدىكى مال ـ دۇنيا يا بىرەر ھادىسە بىلەن ياكى مىراسخورنىڭ قولىغا چۈشمەك بىلەن غەيرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.①

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان «كەلىلە ۋە دەمنە»دىن ئېلىندى.

# تۆگە بىلەن قاغا ۋە بۆرە ھەم چىلبۆرىنىڭ ھېكايىسى

— يامانلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىغا ئاراملىقمۇ يوق،
خاتىرجەملىككىمۇ ئىمكان يوق.

— خاتىرەمدىن

بىر قارا كۆز قاغا، بىر تېز چاڭگال بۆرە ۋە بىر ھىيلىگەر چىلبۆرە بىر شىرنىڭ خىزمىتىدە ئىكەن. ئۇلار تۇرغان تاغ بىر چوڭ يولغا يېقىن ئىكەن. يولدىن ئۆتكەن سودىگەرلەرنىڭ بىر تۆگىسى ھېرىپ چۆلدە قېپقالغانىكەن. تۆگە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ماغدۇرىغا كېلىپ ئوتلاق ئىزدەپ ھەر تەرەپلەرگە مېڭىپ، ھېلىقى تاغ تەرەپكە بېرىپ قاپتۇ-دە، شىرغا يېقىن كېلىپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلماسلىققا چارە تاپالماپتۇ. شىرمۇ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، ئەھۋالىنى سوراپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرماقچى ياكى كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

ئىلگىرى ھەربىر ئىشىمدا ئىختىيارىم بار ئىدى،
سىزنى كۆردۈم كەتتى قولدىن ئىختىيارىم تىزگىنى.

سىلى ھەرقانداق پەرمان قىلسىلا بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن قىلسىلا، مەن قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى مەندىن ياخشىراق بىلىدىلا، — دەپ جاۋاب

بېرىپتۇ تۆگە .

— ئەگەر رىغبەت قىلساڭ ، مېنىڭ سۆھبىتىمدە ئەمىن بولغىن ، — دەپتۇ شىر .

— تۆگە خۇشال بولۇپ ئۇ تاغدا يۈرۈۋېرىپتۇ ۋە بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ناھايىتى بەك سەمرىپ كېتىپتۇ .

بىر كۈنى شىر شىكارغا بېرىپ بىر مەست پىلغا ئۇچراپ قاپتۇ ـ دە ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق ۋە چوڭ ئۇرۇش پەيدا بولۇپتۇ ، شىر خېلى قاتتىق زەخىملىنىپ تاغقا قايتىپ كەپتۇ ۋە نالە قىلىپ بىر بۇلۇڭدا يېتىپتۇ . ئۇنىڭدىن قالغان تاپنى يەپ كۈن كەچۈرىدىغان ھېلىقى بۆرە ، چىلبۆرە ۋە قاغىلار ئاچ قېلىشىپتۇ . شىر ئەزەلدىنلا سېخىي ۋە مەرھەمەتلىك بولغانلىقىدىن خىزمەتكارلىرىغا رەھىم قىلىدىكەن . ئۇلارنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ رەھمى كېلىپ ۋە تەسىرلىنىپ :

— سىلەرنىڭ رەنجىگەنلىرىڭلارنى كۆرۈش ماڭا ئۆز رەنجىمدىنمۇ قاتتىقراق . ئەگەر بۇ يېقىن ئەتراپتا ئوۋ قىلغۇدەك بىرەر نەرسە كۆرسەڭلار ماڭا خەۋەر قىلىڭلار . مەن مۇشۇ ھالدا بولساممۇ بېرىپ ئوۋ قىلىپ سىلەرنى تەڭلىكتىن چىقىراي ، — دەپتۇ .

ئۇلار شىرنىڭ قېشىدىن چىقىپ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ ۋە : «تۆگىنىڭ بۇ تاغدا تۇرۇشىدىن بىزگە نېمە پايدا ، ئۇنىڭ پادىشاھقا نېمە مەنپەئىتى بار ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا نېمە ئۈلپەتچىلىكىمىز بار ؟ شىرنى تەرغىب قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزسەك ، ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك تىرىكچىلىكى شۇنىڭ بىلەن ئۆتىدۇ . بىزگىمۇ نەپ تېگىدۇ ، تېخى» دېيىشىپتۇ .

— بۇ گەپنى قىلماڭلار ، — دەپتۇ چىلبۆرە ، — شىر ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىپ خىزمىتىگە كەلتۈردى . ھەركىم پادىشاھنى ئالدامچىلىق قىلىپ ۋەدىسىدىن قايتىشقا تەرغىب

قىلسا، ئۇ خىيانەتچى بولىدۇ. خىيانەتكار ھەرقاچان مەردۇت[1] بولىدۇ. ئۇنىڭدىن خەلق بىزار بولىدۇ.

— بۇ توغرىدا ھىيلە ئىشلەتمەك كېرەك، — دەپتۇ قاغا، — شىرنى مۇشۇ ۋەدىسىدىن ياندۇرساقلا بولىدۇ. سىلەر توختاڭلار. مەن بىر بېرىپ كېلەي.

شۇ گەپ بىلەن قاغا شىرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن شىر:

— بىرەرسىڭلار ئۇۋلىغۇدەك بىر نەرسە تاپتىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھ! ئاچلىقتىن ھېچقايسىمىزنىڭ كۆزى كارغا كەلمىدى. ھەرىكەتكىمۇ قۇۋۋىتىمىز قالماپتۇ. ئەمما بىر مەسلىھەتىمىز بار. ئەگەر ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلسىلا ھەممە پاراۋان نازۇنېمەت ھاسىل بولغۇسىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاغا.

— ئېيتقىن، قېنى مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ شىر.

— بۇ تۆگە بىزنىڭ ئارىمىزدا يات نەرسە ئىكەن، — دەپتۇ قاغا، — ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن بىزگە ھېچقانداق نەپ يوقمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكەن شىكار ۋە توزىقىمىزغا ئىلىنغان ئوۋ جانىۋارى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شىر غەزەپلىنىپتۇ:

— بۇ زاماننىڭ دوستلىرىنىڭ باشلىرىغا تۇپراق ياغسۇن، ئىلاھىم، ئىككى يۈزلىمىلىكتىن باشقا ئادىتى يوق ئىكەن. بۇلار مۇرۇۋۋەت مەردلىك يولىنى تاشلاپتۇ، جۇمۇ! ۋەدىسىنى سۇندۇرماق قايسى مەزھەپتە جايىز بولىدىكەن؟ ئامان بەرگەنگە قەست قىلماق قايسى مىللەتتە راۋا بولىدىكەن؟

① مەردۇت — دەرگاھتىن قوغلانغان كىشى مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭ ئۆستۈرگەن شاخنى سۇندۇرما ،
ئۆزۈڭ سۇنغاندەك بولغۇسىدۇر ئۇ .

— بۇ سۆزلەرنىڭغۇ بىلىمەن ، — دەپتۇ قاغا ، — ئەمما ھۆكۈمالار «بىر كىشىنى بىر ئۆي ئەھلىگە پىدا قىلسا بولىدۇ . بىر ئۆي ئەھلىنى بىر قەبىلىگە ، بىر قەبىلىنى بىر شەھەرگە ، بىر شەھەرنى بولسا پادىشاھقا پىدا قىلسا بولىدۇ . چۈنكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خەتەرلىككە چۈشۈشى پۈتۈن بىر ئىقلىمغا پايدا يەتكۈزىدۇ » دەپ ئېيتىشقان ؛ ئىككىنچىدىن ، ۋەدە قىلغۇچى ئالدامچىلىق قىلمىغان ھالەتتە تۇرۇپ ، پۈتۈن بىر جامائەتنى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باھانە ئىزدىسە بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

شىر بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ . قاغا قايتىپ بېرىپ يارانلىرىغا مۇنداق دەپتۇ :

— مەقسەتنى شىرغا ئېيتقاندىم . ئۇ ئىلگىرى بويۇن تولغىدى ، كېيىن رام بولدى . ئەمدى تەدبىر شۇكى ، ھەممەيلەن بىرلىكتە تۆگىنىڭ قېشىغا بارايلى ۋە شىرغا ئاچلىق رەنجى يەتكەنلىكىنى ئېيتايلى ۋە : «بىز ھەممىمىز پادىشاھنىڭ دۆلىتىنىڭ پاناھىدا كۈن كەچۈرىمىز ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە پادىشاھ بۇ ھادىسىگە ئۇچراپتۇ . مۇرۇۋۋەت شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى ، جېنىمىزنى ئۇنىڭغا پىدا قىلايلى . بولمىسا كۇپرانى نېمەتلىك قىلغان دېگەن بەتنامغا قالىمىز . ئۇ ھالدا بىزدە مەردلىك ۋە مۇرۇۋۋەت دېگەن سۈپەت قالمىغان بولىدۇ . شۇڭا ، ھەممىمىز بىللە شىرنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئىنئامىنىڭ شۈكرىسىنى ئېيتايلى ۋە بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن ، ئەمما ئۆزىمىزنى ساڭا پىدا قىلدۇق دەپ

جىنىمىزنى بۆلەك - بۆلەك هالدا شىرغا تۇتايلى ، دەيلى . بارغاندىن كېيىن شىر قايسىمىزنى يېمەكچى بولسا ، بىز ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بىردىن گەپ قىلايلى . مۇشۇ تەرتىپتە ئىش قىلساق ، ئۆلۈم تۆگىگە قارار تاپىدۇ .

ئۇلار مۇشۇ مەسلىھەت بىلەن تۆگىنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ ۋە ھىيلىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشىپتۇ . تۆگە بولسا ساددىلىقتىن ئۇلارنىڭ ئەپسۇنلىرىغا ئالدىنىپ ، ئۇلار بىلەن بىللە شىرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ . شۇكرى ماختاش سۆزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قاغا تىل ئېچىپ شۇنداق دەپتۇ :

— شاھا! جاھانغا بولغىن ھۆكۈمران ،
ئىشرەت بەزمىدە بولغىن شادىمان .

بىزنىڭ راھىتىمىز جانابلىرىنىڭ سۆھبىتىگە باغلىق . ھازىر بىر زۆرۈرىيەت تۇغرا كېلىپ قالدى . مېنىڭ گۆشۈمدىن ئىشتىھالىرى قانائەت قىلىدىغان بولسىلا ، مېنى ئۆلتۈرۈپ ناشتىلىق قىلغايلا .

— سېنى يېمەكتىن نېمە پايدا ؟ گۆشۈڭ قانچىلىك بىر ئىشتىھانى پەس قىلالىسۇن ، سەن قانچىلىك بىر نېمە ئىدىڭ ؟ — دېيىشىپتۇ باشقىلىرى ، قاغا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ . شۇندا چىلبۆرە سۆز باشلاپتۇ .

كۆپ مۇددەتتىن بېرى دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدە ئاپتاپنىڭ تابىدىن ئەمىن بولۇپ ، ھايات كەچۈردۇق . بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇلۇغ زاتلىرى ئاچلىق خەۋپىگە مۇپتىلا بولدىلا . مەن ئىقبال يۇلتۇزى مېنىڭ ئەھۋالىم بېتىدىن چاقناپ ، پادىشاھىمىزنىڭ مېنى ئوزۇق قىلىپ ، چۈشلۈكنىڭ ئەندىشىدىن پارىغ بولۇشىنى

ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

خالايتتىم .

— دېگەنلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئادا قىلىش ۋە تەرەپدارلىق يۈزىسىدىن ئېيتىلمىغانلىقى ، سېنىڭ گۆشۈڭ بەدبۇي ۋە زىيانلىق ، مۇبادا پادىشاھنىڭ كېسىلى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ قالسا ، قانداق قىلىمىز ؟ — دېيىشىپتۇ باشقىلىرى .

بۇنى ئاڭلىغان چىلبۆرە جىم بولۇپتۇ . بۆرە ئالدىغا كېلىپ سۆزگە تىل ئېچىپتۇ .

مەنمۇ مېنىڭ ئەزالىرىمغا چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن بەرسىلە ئىدى دېگەن ئارزۇدىمەن .

— بۇ سۆزۈڭدىن ئىخلاسىڭ چىقىپ تۇرىدۇ . ئەمما سېنىڭ گۆشۈڭ بوغۇز ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ . زەرەر جەھەتتىن ئالغاندا زەھەردىن قېلىشمايدۇ ، — دېيىشىپتۇ باشقىلىرى .

بۆرە ئارقىسىغا قايتىپتۇ . ئاخىرىدا ھىلىقى ئۆزۈن بويۇن تۆگە «ئېگىز كىشى ئەخمەق بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمى بىلەن سۆزگە كىرىپتۇ ۋە ئۇزۇن ئەخمەق بوينىنى ئۇزىتىپ دۇئا ۋە ماختاشتىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ :

مەن بولسام ھەزرەتلىرىنىڭ دۆلىتىدە تەربىيە تاپقانمەن . ئەگەر دەرگاھلىرىنىڭ قازىنى ۋە داستىخىنىغا لايىق بولىدىغان بولسام ، جېنىمنى ھەرگىز ئايىمىغان بولاتتىم .

باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىۋالغان بولغاچقا :

— بۇ سۆزۈڭدىن ئىخلاسىڭنىڭ ساپلىقى ۋە ئەقىدەڭنىڭ راستلىقى چىقىپ تۇرىدۇ . دېمىسىمۇ سېنىڭ گۆشۈڭ مەززىلىك ۋە پادىشاھنىڭ مىجەزىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . ھىممىتىڭگە رەھمەت . ئۆزۈڭنى ئاتىدارچىلىق قىلغان غوجاڭدىن ئايىمىدىڭ . بۇ ئىش بىلەن ياخشى ئېتىڭنى ھايات سەھىپىلىرىدە يادىكار قىلىدىغان بولدۇڭ ، — دېيىشىپ ھەممىسى بىرلىكتە تۆگىگە

قەست قىلىپتۇ. ئۇ بىچارە ھېچ دەم چىقىرالماپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى پارە - پارە قىلىپ، ھەتتا ئالتىنگچە قويماي ئۈزۈپ يەپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، غەرەزلىك كىشىلەر ئىتتىپاقلىشىپ ھەرىكەت قىلىشسا، بىر تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ.①

× × ×

بۇ ھاياتنىڭ مۇھىم بىر قانۇنىيىتى ۋە ئىبرىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەسەل. ناھايىتى روشەنكى، نەپسانىيەتچى، شەخسىيەتچى، يامان نىيەتلىك مەخلۇقلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلارغا كۈن يوق. يامانلاردىن شەپقەت، مېھرىبانلىق، ئادىمىگەرچىلىك، دوستلۇق دېگەنلەردىن ئۈمىد كۈتۈش خۇددى تۇخۇمدىن تۈك چىقىشنى كۈتكەندەك ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيال. نىيىتى يامانلار پىتنە - پاسات تېرىشتا شۇنچىلىك ھىيلە - مىكىر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئۇلار ئەرنى ئايال، ئايالنى ئەر قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ، شۇنچە پاك، بىغۇبار نەرسىلەرنى ئەڭ سەت ۋە يىرگىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا، ئۇنداقلارنىڭ ئارىسىدا ئادەم ئۆزىنى ھەرقانچە سەزگۈر ۋە ھوشيارلىق بىلەن تۇتسىمۇ، ئۇنداقلارنىڭ كۆزى ھەرگىزمۇ ياخشى تەرەپنى كۆرەلمەيدۇ. قىلدەك يامانلىقنى پىلدەك كۆرسىتەلەيدۇ، شۇڭا يامانلاردىن ياخشىلىق ۋە ئامانلىقنى كۈتۈش بەكمۇ ساددىلىق بولۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىقى مەسەلدە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ھەقىقەت شۇكى، كىشىلىك ھاياتتا نۇرغۇن قۇۋلۇق - شۇملۇقلار،

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان «كەلىلە ۋە دەمىنە»دىن ئېلىندى.

دوپپىسىنى ئېلىپ كەل دېسە، كالىلىسىنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار پەس تەبىئەتلىك غالچىلاردىن كېلىدۇ. خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، شىر قاغىنىڭ سېھرى ـ ئەپسۇنلىرىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئۆزىمۇ بىلمەي تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئويلىنىۋېلىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەي، «شىر بىزنىڭ تەكلىپىمىزگە رام بولدى» دەپ بېرىپ شېرىكلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۆگىنى شىر پادىشاھ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشقا كۆندۈرىدۇ. بۇ نىيىتى بۇزۇق نىيەتلەر، نىيىدىگەن قەبىھلىك ھە! تۆگە يامانلارنىڭ تىلىنى بىرلەشتۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنى قەستلەۋاتقانلىقىنى بىلمەي، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كاززاپلار ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقىنى شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرىدىكى، تۆگە بۇنى ھېس قىلغۇچە، ئاللىبۇرۇن ئۇلارنىڭ بىر ۋاقلىق ئوزۇقى بولدى. شۇڭا ئادەم ھاياتتا ئۆزىنىڭ كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك. ئورۇنسىز بېرىلگەن قۇربان ساڭا ھاقارەت كەلتۈرىدۇ.

# زاھىت بىلەن بۆرىنىڭ ھېكايىسى

— يامان تەبىئەتلىكلەرگە ياخشى نەسىھەت ھەرگىز كار قىلمايدۇ.

— خاتىرەمدىن

بىر پاك كۆرۈنۈشلۈك زاھىت بار بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى بەلگىلىك تائەت - ئىبادىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىنكى ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى خالايىققا نەسىھەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كىشى ئىكەن. بىر كۈنى، سەھرادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېرىس ئاغزىنى ئېچىپ تەمە كۆزى بىلەن تەلەپ يولىغا قاراپ، پۈتۈن ھىممىتىنى بىگۇناھلارغا ئازار بېرىشكە قارىتىپ جانلىقنى جانسىز قىلىپ، تويماس نەپسىنى خۇشال قىلماققا تەييار تۇرغان بىر بۆرىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

زالىمنى كۆر، جاھىللىقتىن كىشىگە،
مىڭ زىيان يەتكۈزگۈسى بىر نەپ ئۈچۈن.

زاھىت شەپقەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي زالىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ھەرگىزمۇ خالايىقنىڭ قويلىرى تەرەپكە يېقىن يولىمىغىن ۋە ئاجىز ھەم بىچارىلەرگە قەست قىلمىغىن. چۈنكى زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى ئازاب- ئوقۇبەت، ئاخىر ئاخىرەت ئازابى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

زۇلۇم بىلەن ھەر كىشى بولسا خورسەن،
قولى بىلەن پۇتىغا سالغۇسى بەنت .
كۆرسىمۇ ئۇ ھازىرچە كاتتا دۆلەت ،
لېكىن تېزدىن يەتكۈسى ئاڭا مېھنەت .

زاھىت يۇقىرىقىدەك ماقالىلەر بىلەن سۆزلەپ ، ئۇنىڭ خەلق قويلىرىغا زىيان سېلىشىنى تەرك ئېتىشى ئۈچۈن ۋەز ئېيتىشقا كىرىشىپتۇ . لېكىن :

— ھەي شەيخ ! نەسىھەت قىسسەڭنى قىسقا قىل ، ماۋۇ جاڭگالنىڭ كەينىدە قويلار ئوتلاۋاتىدۇ . ئۇلاردىن بەزىسىنىڭ قارنىنى يېرىپ ، بەزىسىنى ئېلىپ قېچىشىنىڭ پۇرسىتى ئۆتۈپ كېتىدۇ ، بىكار . ئۇ ھالدا ھەسرەت ۋە نادامەت پايدا بەرمەيدۇ ماڭا ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭغا بۆرە .①

× × ×

ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ھايۋان تەبىئەتلىك ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ، بەزىلەر چوشقىدەك جاھىل بولسا ، بەزىلىرى غالجىر ئىتتەك تەرسا ، بەزىلەر تۈلكىدەك ھىيلىگەر ، بەزىلەر بۆرىدەك ياۋۇز ، بەزىلەر يىلاندەك زەھەرلىك ، بوغرا تۆگىدەك ئاداۋەتخور ، ھوقۇشتەك تەبىئىيتى شۇم ... بولىدۇ . يامان تەبىئەتتىكىلەرنى ياخشى سۆز بىلەن ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس . گەرچە ئۇ گەپنىڭ تەسىرىدە بىر مەزگىل تۈزۈلگەندەك قىلغان بىلەن ئۇ نازۇك جايغا كەلگەندە يەنىلا ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ئاشكارىلايدۇ . ئەگەر يامانلارنى گەپ بىلەن تۈزەش مۇمكىن بولغاندا ، دۇنيادا تۈرمە دېگەن ئورگان قۇرۇلمىغان بولاتتى . شۇڭا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يامانلار ئۈچۈن ھېكمەت ئەمەس «سىياسەت كېرەك» دېگەندى .

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

# مايمۇن بىلەن توڭگۇزنىڭ ھېكايىسى

— تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ.
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

بىر مايمۇن تەۋپىق تېپىپ، ئۆزى ئايرىم ياشاشنى ئىختىيار قىپتۇ ۋە مايمۇنلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، بىر تاغنىڭ بۇرجىكىدە ماكان تۇتۇپتۇ، ئۇ يەردە بىرنەچچە تۈپ ئەنجۈر دەرىخى بار بولغانلىقتىن، مايمۇن ئەنجۈر يەپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى مايمۇن ئۆزىچىلا «ھېچ جانۋار غىزاسىز كۈن كەچۈرەلمەيدۇ. بۇ يەردە مۇشۇ ئۈچ - تۆت تۈپلا ئەنجۈردىن باشقا يېگۈلۈك يوق ئىكەن. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يازدا يېسەم زىمىستان قىشتا نېمە يەيمەن؟ شۇڭا بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھازىر يەي، يەنە بىر قىسمىنى قىشلىقىم ئۈچۈن قۇرۇتۇۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ.

كەلدى گۈل ياز، ياتما غەپلەت ئۇيقۇدا،
قىش غېمىنى راسلىغىن ياز ۋاقتىدا.

ئۇ، ھەر كۈنى ئەنجۈرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىرغىتىپ يەرگە چۈشكەن مېۋىلەرنىڭ بەزىسىنى يەپ، بەزىسىنى قىشتا يېيىشكە ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ قويۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئىشلەپ، بىر كۈنى ئۇ ئەنجۈر ئۈستىدە ئىشقا مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، ئوۋچىدىن ئۈركۈپ قېچىپ كەلگەن بىر توڭگۇز مايمۇن چىققان دەرەخنىڭ تۈۋىگە تۇيۇقسىز كېلىپ قاپتۇ ۋە قۇرۇتۇپ قويغان ئەنجۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

مايمۇننىڭ كۆزى توڭگۇزغا چۈشۈشى بىلەن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ مۇنداق دەپتۇ :

قايسى جايدىن بولدى پەيدا بۇ بالايى ناگاھان ،
بەر جېنىمغا ، ئەي خۇدايا ، بۇ بالايىڭدىن ئامان .

توڭگۇزمۇ دەرەخ ئۈستىدىكى مايمۇننى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا تەزىم بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە :
— ھەي بۇرادەر ، مېھماننى قارشى ئالامسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .
مايمۇن نائىلاج ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ :

ئۇمىد باغىمغا كەلگەندەك بولۇپ گويا گۈزەل سەرۋى ،
ھەقىر كۆلبەمگە غايىبتىن يېتىپ كەلدى ئېسىل مېھمان .

— يولدىن ئاچ ۋە ئۇسساپ كەلدىم ، زىياپەتخاناڭدا نېمە بولسا شۇنى تەكەللۇپ قىلماي ئەپكەل . كۆڭلۈم مەزەنى بەكمۇ تارتىۋاتىدۇ ، — دەپتۇ توڭگۇز .
بىچارە مايمۇن توڭگۇزنىڭ زورلۇقىغا تەڭ كېلەلمەي ، شاخلارنى قېقىپ بېرىپتۇ . چۈشكەن ئەنجۈرلەرنى بولسا توڭگۇز ناھايىتى زور ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ . شاخلاردا مېۋە ۋە يەردە ھېچ نەرسە قالمىغاندا توڭگۇز يەنە مايمۇنغا قاراپ :
— ھەي ساھىبخان ، توختاپ قالدىڭغۇ ! تېخى ئىشتىھايىمنىڭ ئۇتى يالقۇنجاشتىن توختىمىدى . سېنىڭ مەزەلىرىڭ نەپسىمنىڭ ئارزۇسىغا كۇپايە قىلمىدى . ئەگەر بۇ دەرەختە قالمىغان بولسا يەنە بىرىگە قەدەم قوي . مېنىڭ قورسىقىمنى تويغۇزۇپ ، بوينۇمنى مىننەت كەمىرى بىلەن باغلا ، — دەپ بۇيرۇپتۇ .

مايمۇن يۈزىنى كۆلدۈرۈپ كۆزىنى يىغلىتىپ، يەنە بىر دەرەخكە چىقىپ، ئۇنى ئىرغىتىشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىلا ئۇنىڭدىمۇ ھېچ نەرسە قالماپتۇ. ئۇنى كۆرگەن توڭگۇز مايمۇننى يەنە بىر دەرەخكە چىقىشقا ئىشارەت قىپتۇ.

— ھەي ئەزىز مېھمان! — دەپتۇ مايمۇن، — بىر ئاز ئىنساپ قىلغىن. مۇرۇۋۋىتىڭنى تاشلىما. ساڭا بەرگەنلىرىم مېنىڭ بىر ئايلىق ئوزۇقۇم ئىدى. مەندە يەنە ساڭا بىر نەرسە بەرگۈدەك تاقەت يوق. ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق سېخىيلىق قىلالمايمەن.

توڭگۇز ئاچچىقلىنىپتۇ:

— بۇ جاي ھازىرغىچە سېنىڭ قولۇڭدا ئىكەن، ئەمدى بۇ جاينى ئۆز قولۇمغا كىرگۈزمىگىنىمنى كۆر! — دەپ خىرقىراپتۇ.

— كىشىنىڭ ماكانىنى تارتىۋېلىشىنىڭ مۇكاپاتى بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ، — دەپتۇ مايمۇن، — زۇلۇم بىلەن ئېلىپ يېگەن نەرسە، گەرچە تاتلىق بولسىمۇ، ئاخىرى غايەت ئاچچىققا ئايلىنىدۇ. ماڭا جاپا سېلىشتىن ۋاز كەچكىن. بىچارىلەرگە جاپا سېلىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ، ئاجىزلارغا ئازار بېرىش ياخشى ئىش ئەمەس.

مېنىڭغۇ چىشلىسەڭ رەنجۇر ئېتەرسەن،
چىشىڭنىڭ ئاغرىقى تۇتسا نېتەرسەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان توڭگۇزنىڭ تېخىمۇ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ:

— ئاۋۋال دەرەخ ئۇستىگە چىقىپ، سېنى يەرگە چۈشۈرەي. ئاندىن كېيىن قارشىلىق قىلىشىنىڭ پايدىسىنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ قوياي، توختاپتۇر! — دەپ دەرەخ ئۈستىگە

چىقىپتۇ . تولغۇز تۆۋەندىكى شاختا چىقىشىغىلا شاخ ئۇشتۇلۇپتۇ ۋە تولغۇزنىڭ بېشى تۆۋەن ، پۇتــــى ئاسمانغا بولۇپ يەرگە يىقىلىپ ، سۆڭەكلىرى چۇل - چۇل چېقىلىپ ، نەپسىنىڭ غېمىدىن بىر يولى كۆڭلى تىنىپتۇ.①

× × ×

سەن كىشىلەرنىڭ مېۋىلىرىنىمۇ تارتىۋېلىۋاتىـــــسەن ۋە ئۇلارنىڭ رىزقلىرىنى ئۆزۈڭگە ئوزۇق قىلىۋاتىسەن . ئەگەر بۇ جامائە ئاچلىقتىن ئۆلسە ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى سېنى دۈشمەن تۇتۇپ قالىدۇ - دە ، تا قىيامەتكىچە ھەممەيلەن سېنىڭ يامان سۆپىتىڭنى قىلىشىدۇ . بۇرۇن زالىملىـــق ، مېھماندوستلۇق كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ياخشى بىر ئەخلاق - پەزىلەت بولسىمۇ ، لېكىن ، بۇنىڭمۇ چېكى ۋە قائىدىسى بار . ھەممىـــلا ئادەمگە مېھماندوست بولۇشقا بولمايدۇ ، بەزىلەرگە ئىككى پۇكۇنۇپ تۆرگە باشلىساق ، بەزىلەرنىڭ يۈزىگە ئىشىك يېپىشقا توغرا كېلىدۇ . كىشىلەر ئارىسىدا «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەن ئىبرەت بار . بۇ تۇرمۇشتىكى يۇقىرىقىـــدەك رېئال ئەھۋاللارغا قارىتا ئېيتىلغان . «ئىنساپسىز قوشۇق سالسا يەتتە ئوتلاپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش بەزى «دوستلار» بىر - ئىككى كۈن مېھمان بولۇپ ، ئايال بولسا ئەرنى ئىگىلىۋالىدىغان ، ئەر بولسا خوتۇننى ئىگىلىۋالىدىغان ، ھەتتا سىرىنى بىلىۋېلىـــپ پۈتۈن ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىدىغان ئەھۋاللار بار .

فرانسىيىنىڭ مەشھۇر دراماتورگى مولېرنىڭ «ساختىپەز» دېگەن دراممىسىدا دەل يۇقىرىقىدەك ئاجايىپ ئىبرەتلىك بىر ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، درامىدا ئورگون ئائىلىسىگە بىر كۈنى تارتىيوف دېگەن بىر ساختىپەز كېلىپ ئۆزىنى ئەۋلىيا ، تەقۋادار ، باشقىلارنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگۈچى دېگەن نام بىلەن

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

ئورگۇن ئائىلىسىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇۋالىدۇ . ئورگۇن بۇ ساختىپەزگە شۇنچىلىك ئىشىنىپ كېتىدۇكى ، ئۇنىڭغا بىر ئەۋلىياغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، تارتيۇف ئاۋۋال ئورگۇننىڭ ئايالى ئېلمىراغا پارىخورلۇق قىلىپ ئۇنى ئىگىلىۋالىدۇ ، ئارقىدىن ئۇنىڭ قىزىغىمۇ نىيەت بۇزىدۇ ، ئورگۇن قىزىنىمۇ ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولىدۇ . ئۇ ساختىپەزنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ نەپسى شۇنچىلىك يوغىنايدۇكى ، ئاخىر ئورگۇننىڭ پۈتۈن بىساتىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزىۋالىدۇ . ئۆزى ئورگۇننىڭ ئۆيىگە قانداق نامرات ، ۋەيرانە ھالدا كەلگەن بولسا ، ئەمدى ئۇنىڭ ھوقۇقى پۈتۈن ئائىلىنى باشقۇرۇش ھەتتا ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىش دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ ، ئورگۇن ، پىرنىل خانىملار قانچىلىك ئۇنىڭغا ئىشەنگەنسېرى خۇدا نامىنى تېخىمۇ بەتتەر سېتىپ ، ساختىپەزلىكتە ئۇچىغا چىقىدۇ ، ئەڭ ئاخىرى ئورگۇننىڭ بىر مەخپىيەتلىكىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان تارتيۇف ئورگۇننىڭ پۈت - قولىنى شۇنداق كىشەنلەپ قويىدۇكى ، بىر ئېغىز تىن ئېلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ . گەرچە ئاخىرى ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ قانۇن تەرىپىدىن جازاغا تارتىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ، ئۇ ئورگۇن ئائىلىسىنىڭ مېھمىنى بولۇپ تۇرغان شۇ پەيتلەردە ئورگۇننىڭ پوستىغا كىرىۋېلىپ ، ئۇنىڭ پوستىغا ئۇرۇپ ئۇ ئائىلىگە كۆتۈرگۈسىز ھاقارەتلەرنى كەلتۈرىدۇ .

شۇڭا ، مېھماندوستلۇق ئىشىدىمۇ ھوشيار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ ، بولمىسا ئايىغى چىقمايدىغان ئېچىنىشلىق دەۋاغا قېلىش مۇمكىنغۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئورمان بىلەن دۈشمەنلەشكەن ياۋا چوشقا

— خەلق بىلەن دۈشمەنلىك تەرەپتە تۇرغان ئادەم ئاقىۋەت بۇرنىغا يەيدۇ .

— خاتىرەمدىن

ئۆزىنى قالتىس كۈچلۈك چاغلاپ ھەممىنى بويسۇندۇرماقچى بولغان بىر ياۋا چوشقا ئورمانلىقتا بىشى قايغان ، پۈتى تايغان تەرەپكە يۈرۈپ ، بىر توپ دەرەخكە ئۆسۈپ تىرىسىنىڭ بىر پارچىسىنى زەخمىلەندۈرۈۋاپتۇ ؛ ئارقىدىن يەنە بىر دەرەخكە ئۈسۈپ بىر چىشىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ . ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ياۋا چوشقا ئاچچىقلاشتىن باشقا نىمىمۇ قىلالىسۇن ؟ ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ ، پۈتكۈل ئورماننى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ جاكارلاپتۇ . ئورماننىڭ ھەربىرىگە بىشى بىلەن ئۈسۈپ ، ئۆزىنى ئۇرۇپ ، سۈركەپ قارا - قويۇق ھۇجۇم قىلىپتۇ . ئاغزىغا ئىلىپ چايناپتۇ ، پۈتى بىلەن قاماپتۇ . خۇددى زور بىر مەيدان جەڭ ئىلىپ بىرىۋاتقاندەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ھۆركۈرەپتۇ . ئۇنىڭ ئاۋازىدىن پۈتۈن ئىبدىرلىقلار زىل - زىلىگە كەپتۇ . بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالماي ، يەر بىلەن يەكسان بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماپتۇ . بۇنىڭغا قارىماي ئۇ دۈشمەنلىشىشنى داۋام قىپتۇ ؛ ئورماننىڭ بىرەر تال شىخىنى سۇندۇرۇپ بولسىمۇ پىغاننى چىقارماقچى بولۇپ بىر سەكرىگەنىكەن ، ئويلىمىغان يەردىن يىنىدا كۆلۈپ چاقچاق قىلىپ تۇرغان بىر دەرەخ شىخىنى ياۋا چوشقىنىڭ قورسىقىغا سانجىپتۇ . چوشقا خۇددى ئىسىپ قويۇلغان پانۇستەك دەرەخكە ئىسىلىپ قاپتۇ .

ھەيۋەتلىك ياۋا چوشقا شۇ پېتى ئېسىلىپ قالغان يېرىدىن چۈشەلمىگەن ئوخشايدۇ . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بىر ئۆلـــما توشقان سەپەر ئۈستىدە شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېگەنمىش :

— ئۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى ھەممە يەردە ئۆزىگە رەقىب تاپتى ، مەغلۇبىيىتى ئۇنى مۇشۇنداق ئېگىز سەكرەتتى .①

× × ×

«ھېيلىگەر تۈلكە بۇرنىدىن ئېلىنىدۇ» دېگەندەك ، يۇقىرىقى چوشقا ھەممە نەرسىگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ ، ھەممىگە ئۇرۇش ئېچىپ قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن ، ئاخىر ئۆزىنىـــڭ ھالاكىتى بىلەن ئىبرەت بولدى .

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ دوستى بولىدۇ ، دۈشمىنى بولىدۇ . بىراق ھەرگىزمۇ ھەممە ئادەم دوست ، ھەممە ئادەم دۈشمەن بولمايدۇ ، ھەممە ئادەمنى دوست دەپ ئىشىنىپ كېتىشمۇ خاتا . ھەممە ئادەمنى دۈشمەن تۇتۇپ قارشىلىششمۇ خاتا . بولۇپمۇ ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ خەلققە قارىمۇقارشى تەرەپتە تۇرۇشى ئاخىر ئۇنى ياۋا چوشقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ .

خەلق غالىب ، خەلق ئۇلۇغ ، ھەرقاچان ئەل بىلەن بىر سەپتە ، بىر نەپەستە بولۇش ئادەمگە ئامانلىق ، خاتىرجەملىك ۋە شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ . چۈنكى خەلق مەڭگۈلۈككە ئىگە ، بىر شەخسىي ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان بىلەن قىيا تاغنى مۇشتى بىلەن قانچىلىك زىيانغا ئۇچرىتالىسۇن . بىراق ، خەلقمۇ ئۆز ئارىسىدىن چىققان دۈشمەندىن ھوشيار بولۇش كېرەك . بەزىدە دۈشمەن ئاجىز بولسىمۇ ، ئۇ قىلغان زىيانكەشلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش تەسكە توختايدىغان ئىشلار بولىدۇ .

---

① قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلغان «خەنزۇ خەلق مەسەللىرىدىن تاللانما»دىن ئېلىندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكە بىلەن توشقان ۋە بۆرىنىڭ ھېكايىسى

— ئويناشما ئەرباب بىلەن، كۆتۈرۈپ سالار ھەرباب بىلەن.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بىر ئاچ بۆرە دالىدا ئوزۇق ئىزدەپ، ھەر تەرەپنى كېزىپ يۈرۈپ، بىر تۈپ چىغ تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ. بۆرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان توشقان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغانىكەن، بۆرە ئۇنى قاچقىلى قويماي ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

كەل قېشىمغا، تاقىتىم يوق بولغىلى سەندىن يىراق،
كەتمىگىن، كەتسەڭ جېنىمغا يەتكۈسىدۇر ئىشتىياق.

توشقان ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن زارلىنىپ يالۋۇرغىلى تۇرۇپتۇ:

— ئەي ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بېگى، — دەپتۇ توشقان يۈزىنى يەرگە سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سىزدە ھازىر ئاچلىق ئوتى شولا ئۇرۇپتۇ. نەپسىڭىز غىزا تەلىپىدە ئىزتىراپقا چۈشۈپتۇ. مەن بىر ئاجىز ۋە ئورۇق نەرسە. شۇڭا مەن، سىزگە بىر لوقمىدىن

ئارتۇق غىزا بولالمايمەن . مېنى يېمەك بىلەن سىزنىڭ ئىشتىھايىڭىزغا قانچىلىك نەپ يەتسۇن؟ مۇشۇ يېقىن ئارىسىدا ناھايىتى سېمىزلىكتىن يول ماڭالمايدىغان ، ئىنتايىن يوغانلىقىدىن ھەرىكەت قىلالمايدىغان بىر تۇلكە بار . ئۇنىڭ گۆشى لەززەت جەھەتتە خۇددى ئابىھاياتقا ، قېنىنىڭ تاتلىقلىقى ناۋات شەربىتىگە ئوخشايدۇ دەپ ئويلايمەن . ئەگەر سىز ئۇنىڭ تەرىپىگە قەدەم رەنجى قىلسىڭىز ، مەن ئۇنى بىر ھىيلە بىلەن قېشىڭىزغا ئەكېلىمەن . ناشتىلىق قىلارسىز ، ئەگەر ئۇنى يەپ بىر خۇرسەن بولسىڭىز مەن ئۆمۈرۋايەت قۇلىڭىز بولسامۇ رازىمەن .

بۆرە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەقل - ھوشى كېتىپ ، ئۇنىڭ ئەپسۇنىغا ئالدىنىپ ، تۇلكىنى تېپىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ . ئۇ دالىدا راستتىنلا بىر تۈلكە بار ئىكەن . ئۇ ئالدامچىلىقتا شەيتانغا دەرس بېرىدىغان ، ھىيلىگەرلىكتە ئىبلىسقا ساۋاق ئۆگىتىدىغان بىر تۇلكە ئىكەن .

ئۇ تۇلكە بىلەن توشقاننىڭ ئوتتۇرىسىدا كونا ئاداۋەت بار ئىكەن . شۇڭا بۇگۈن پۇرسەت تاپقاچقا ، ئىنتىقام ئېلىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپ بۆرىنى باشلاپ بېرىپتۇ - دە ، بۆرىنى تۇلكىنىڭ تۆشۈكىنىڭ ئاغزىدا قويۇپ قويۇپ ، ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ سالام قىپتۇ ، تۇلكە ئۇنىڭغا جاۋاب سالام بېرىپ شۇنداق دەپتۇ :

خۇش كېلىپسەن ، كەل قېشىمغا كەل بېرى ،
كۆزلىرىم تەشنا ئىدى كۆپتىن بېرى .

— كۆپتىن بېرى ساڭا مۇلاقەت بولۇش شەرىپىنى تېپىش ئارزۇسىدا ئىدىم . خۇداغا شۈكرى ، جامالىڭ نۇرىدىن كۆزۈمگە روشەنلىك بېرەلىدىم ، — دەپتۇ توشقان ، — ئەمما كارامەت

ئېلىدە بېشى ئۈستۈن پادىشاھ ۋە ئۇلۇغلۇق مەملىكىتىدە مۆرىت تەربىيىلىگۈچى بولغان بىر ئەزىز سېنىڭ مېھماندوست ۋە ئىلتىپاتلىق ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ كۆڭلىمنىڭ كۆزىنى جاھان ئارا جامالىڭ بىلەن مۇنەۋۋەر قىلىش ۋە جېنىمنىڭ دىمىغىنى ئىپاردەك نەپىسىڭ بىلەن خۇشبۇي قىلىش ئۈچۈن، تەۋەررۇك مازارىدىن ئىشىكىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مەن پەقىر ـ ھەقىر بەندىنى ساڭا ۋاسىتە قىلدى. ئەگەر سەن بىلەن مۇلاقەت بولۇشقا رۇخسەت بولسا كىرسۇن. ئەگەر ۋاقىت تەقەززا قىلمىسا قايتىپ كېتىپ يەنە بىر قېتىمدا كەلسۇن.

تۈلكە بۇ سۆزلەر بىتىدىن ھىيلە خېتىنى ئوقۇپتۇ ۋە بۇ سۇخەنلەر ئەينىكىدە مېكىر سۈرىتىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئىككى خىل مەخلۇقنىڭ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلاي ۋە ئۆزىگە ئۆز شەرۋەتلىرىدىن ئىچۈرەي. چۈنكى، چالما ئاتقان كىشىگە تاش ئاتماق كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، خۇشامەت قىلغان بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆزۈمنى ئەزىزلەر خىزمىتىگە ئاتاپ قويغان، مېھمانخانامنىڭ ئىشىكىنى ئەزىزلەرنىڭ يۈزىگە ئېچىپ قويغان. مەن ئەنە شۇ سەۋەب بىلەن ئۇلارنىڭ كامالەتلىرى ۋە كەيپىياتلىرى جامالىدىن بەھرە ئالارمەنمىكىن دېگەن ئۈمىدتىمەن. خۇسۇسەن سەن تەرىپلەپ نىشان بەرگەن بۇنداق كامالەت ئىگىسى بولغان ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋېلىشتا قىلچىمۇ نۇقسان قىلمايمەن، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتا قانداقسىگە غەپلەتتە قالالايمەن؟ مەن «ھەرقاچان ئۆيگە مېھمان كەلسە ئۆز رىزقى بىلەن كېلىدۇ» دېگەن سۆزنى بىلمەمەن ئەمەسمۇ؟ بۇزرۇكلارمۇ شۇنداق دەپتىكەنغۇ. سەن بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرغىن، كۆلبەمنى سۈپۈرۈپ، خەس ـ خەشەكلەرنى بىر

چەتكە چىقىرىۋېتىپ تازىلاي ، مېھمانغا لايىق كەلگۈدەك بىساتلارنى سالاي .

توشقان ئۆزىنىڭ ئەپسۇنى تۈلكىگە تەسىر قىلدى بولغاي دېگەن پىكىرگە كەپتۇ ـ دە ، دەرھال ئۇنى بۆرىگە ئۇچراشتۇرۇش تەقەززاسىدا :

— بۇ مېھمان تەكەللۇپسىز دەرۋىش كىشى ، ئۆينى ياساپ ـ جابدۇش ۋە بىسات سېلىش ئىشلىرى بىلەن ئانچە خوشى يوق . كۆڭلۈڭ تارتقان بولسا ، تەكلىپ قىلساڭلا كۇپايە ، باشقا ئىشنىڭ ھاجىتى يوق ! — دەپتۇ ۋە تاشقىرىغا چىقىپ بولغان گەپلەر ۋە تۈلكىنىڭ ئالدانغانلىق خۇش خەۋىرىنى بۆرىگە يەتكۈزۈپتۇ ھەمدە يېڭىۋاشتىن تۈلكىنىڭ گۆشىنىڭ سېمىز ، تاتلىق ۋە پاكىز ئىكەنلىكىنى ، ھەربىر ئەزاسىدا قۇۋۋەت بارلىقىنى تەرىپ قىلىشقا باشلاپتۇ . بۆرىنىڭ ئىشتىھاسى قوزغىلىپ ، ئاغزىدىن سېرىق سۇ ئاققىلى تۇرۇپتۇ . توشقان بولسا «مۇشۇ خىزمىتىم بىلەن بۆرىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپتۇ . لېكىن ، تۈلكە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆز ئۇۋىسىنىڭ ئىچىگە ئېھتىيات يۈزىسىدىن چوڭقۇر ئورا كولاپ قويغانىكەن ۋە ئورىنىڭ ئۈستىنى خەس ـ خەشەكلەر بىلەن يېپىپ قويۇپ ، زۆرۈر بولغاندا قېچىپ چىقىپ كېتىش ئۇچۇن تۆشۈك كولاپ قويغانىكەن . ئۇ توشقاننى ئۆزىتىپ قويۇپلا ئورا ئۈستىدىكى خەس ـ خەشەكلەرنى سەل ـ پەل تۈزىتىپ بولۇپ ۋارقىراپتۇ :

— ھەي ، ئەزىز مېھمان ، قەدەم تەشرىپ قىلىڭ!

ئەمما ، ئۇلار كىرىشى بىلەنلا تۈلكە ھىلىقى تۆشۈكتىن چىقىپ قېچىپتۇ . توشقان زورلۇق بىلەن ، بۆرە ھېرىس بىلەن ھىلىقى قاراڭغۇ ئۇۋىغا شۇنداق كىرىشىگىلا ئىككىلىسى ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ . «بۇ ھىيلىنى توشقان قىلغان ئوخشايدۇ» دەپ

گۇمان قىلغان بۆرە دەرغەزەپ بولۇپ، توشقاننى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپ، بۇ ئالەمنى ئۇنىڭ نومۇسىدىن قۇتقۇزۇپتۇ.①

× × ×

سەن دانىشمەنلەرگە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك.

يۇقىرىقى ھېكايىدىن ساۋاق ئېلىش كېرەككى، دۈشمەن ئالدىدا ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سېلىش، شۇ يول بىلەن ئۆزىنى قوغداشنى بىلىش ياخشى ئىش، لېكىن ئەقىلنى جايىدا، ئورۇنلۇق ئىشلەتمەي، ئۇنى رەزىللىك ئۈچۈن ئىشلەتكەندە، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ. توشقان گەرچە بۆرىدىن قۇتۇلماق بولۇپ، ئەقىل قالقىنى بىلەن ئامان قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئۇ كونا ئاداۋىتى ئۈچۈن باشقىلارنى قۇربانلىققا تۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلدى. يەنە بىرى، ئۇ رەقىبىنىڭ ئۆزىدىن سەزگۈر ۋە دانىشمەن ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالمىدى. شۇڭا، ئاقىل تۈلكە رەقىبىنىڭ سۆزلىرىگە گول بولماي، ۋاقتىدا! جىنىنى ئېلىپ قېچىپ بالا ـ قازادىن ئامان قالدى. نىيىتى يامان، ئاجىز توشقان ئەقىل جەھەتتە خاتا يول تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلدى.

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان «كەلىلە ۋە دەمنە»دىن ئېلىندى.

# تاشپاقا بىلەن چايانىنىڭ ھېكايىسى

— ياخشىلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي دۇنيادىن
ئۆتۈش ناپاك ئادەملەر ئۈچۈن ھارامدۇر .
— «كەلىلە ۋە دەمنە»دىن

بىر تاشپاقا بىلەن بىر چايان ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ، ئاشنىلىق ئۇلپىتى ناھايىتى مەھكەم ئورنىغانىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئىككىلىسى سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ قاپتۇ ۋە ئىككىسى بىللە كېتىۋېتىپ بىر ئۆستەڭگە دۇچ كەپتۇ . ئۆستەڭنىڭ سۈيى ناھايىتى ئۇلۇغ بولغاچقا ، چايان ئۇنىڭدىن ئۆتمەكنى مۇشكۇل كۆرۈپ ، كۆپ غەم قىلىپ ئەندىشىگە پېتىپ قاپتۇ .

— نېمانچە غەم - غۇسسىگە پېتىپ قالدىڭ ؟ كۆڭلۈڭدىن شادخۇراملىقىڭنىڭ كېتىپ قېلىشىدىكى سەۋەب نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ تاشپاقا .

— ھەي بۇرادەر ، — دەپتۇ چايان ، — بۇ سۇدىن ئۆتۈشنىڭ ئەندىشىسى مېنى ھەيرانلىق گىردابىغا سالدى . ئەقلىم ئۇنىڭغا ئىلاج قىلىشقا ئاجىز كەلدى . بۇ سۇدىن ئۆتۈشكە قۇۋۋىتىم يوق ياكى سەندىن ئايرىلىشقا تاقىتىم يوق .

قىلچە غەم يېمىگىن ، ئۇچامنى كېمە قىلىپ سېنى چىقىرىمەن ۋە ساق ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي ، سېنى نىجاتلىق ساھىلىغا چىقىرىپ قويىمەن . سەندەك ياخشى دوستنى مۇشكۇللۇك بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ ، ئاسانلىق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قولدىن بېرىپ قويسا ئەيىب ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ تاشپاقا.
شۇنىڭ بىلەن، تاشپاقا چايانىنى ئۇچىسىغا ئېلىپ كۆكسىنى سۇغا پاتۇرۇپ راۋان بولۇپتۇ. تاشپاقا سۇ ئۈزۈپ كېتىۋاتسا چايان ئۇنىڭغا نەشتەر ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. قاتتىق ئۇچىسىغا چايانىنىڭ نەشتىرىنىڭ تەگكەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان تاشپاقا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي خۇيى يامان، مەن ئاڭلاۋاتقان نېمە شەپە ئۇ؟ سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— نەشتىرىمنىڭ نەيزىسىنى ۋۇجۇدۇڭنىڭ قالقىنىغا سانجىپ سىناپ كۆرۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چايان.
— ھەي ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان؟ — دەپتۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كەلگەن تاشپاقا، — سەن ئۇچۇن ئۆز جېنىمنى خەتەر گىرداۋىغا سېلىپ، سېنىڭ خەۋپلىك ۋۇجۇدۇڭنى ئۇچامنىڭ كېمىسىگە ئېلىپ، سۇدىن ئۆتكۈزۈۋاتسام، سەن تېخى مىننەتدار بولۇپ دوستلۇق ھەققىنى ساقلاش بۇياقتا تۇرسۇن، ماڭا نەشتەر سانجىشىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ساڭا مەلۇمغۇ؟ سېنىڭ نەشتىرىڭدىن ماڭا ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدۇ ۋە تاشتەك تېرەمگە نەشتىرىڭ تەسىر قىلمايدۇغۇ؟
— مەن بۇ ئىشتا بىئىختىيارمەن، — دەپتۇ چايان، — مېنىڭ تەبىئىتىم ھەرقانداق نەرسىگە ئىختىيارسىز ۋە تارتىنماي نەشتەر ئۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا خاھ دوستىنىڭ ئۇچىسى بولسۇن، خاھ دۈشمەنىنىڭ كۆكرىكى بولسۇن ماڭا ئوخشاش.

ھەر كىشىدە بار بولسا يامان ئادەت،
ئۆزى قىلماي ئىختىيار بولۇر سادىر.

نەشتىرىنى ئۇرغۇسى چايان تاشقا ،
گەرچە تەسىر قىلماققا ئەمەس قادىر .

شۇندا تاشپاقا ئويلاپ ئۆز - ئۆزىگە : دانىشمەنلەرنىڭ «ئەسكى كىشىنى پەرۋىش قىلىش ئۆز ئابرۇيىنى تۆككەنلىك ۋە ئىشىنىڭ يىپ ئۇچىنى يىتتۇرگەنلىك بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرى راست ئىكەن ، — دەپتۇ - دە ، سۇغا شۇڭغۇپتۇ .

زەرۇ زىۋەرنى تۆكۈپ تۇپراققا ، ھەسرەت چەكمىگىن ،
كەلتۇرەر ھەسرەت يامانغا ئەيلىسەڭ گەر ياخشىلىق .

بۇزرۇكلار : «ھەر كىشى ئەسلىدە نەسەپسىز بولسا ئۇمىد مەيدانىدىن نېسۋىسىزدۇر . چۈنكى ، ياخشىلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي دۇنيادىن ئۆتۈش ناپاك ئادەملەر ئۇچۇن ھارامدۇر» دەپ ئېيتىشقان .

ھېچ ۋاقىتتا خوپ ئەمەس ئەسلىي پەسكە تەربىيەت ،
نە ئۇچۇن ساقلار كىشى ئۆز قوينىدا چاققاق يىلان .
پەرۋىش قىلغانىغا تاتلىق بولمىغاي ئاچچىق دەرەخ ،
ھەر كىشى تىكسە تىكەننى گۇل ئۇزەلمەس ھېچقاچان .[1]

× × ×

زامان ھادىساتلىرىدىن تەجرىبە توپلىغان ، ئىبرەت داستىخىنىدىن نېسۋە ئالغان بۇزرۇكلارنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرى قىممەتلىكتۇر . نۇرغۇن كىشىلەر ئۆتكەنكىلەرنىڭ ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئالماي ، كۆپ ئەلەم تارتىۋالىدۇ ،

[1] يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

قانۇنىيەتلىكى ئالدىبۇرۇن ئېسپاتلىنىپ بولغان ئىشلار توغرىسىدا ئۇنى قايتا ئۆزىنىڭ پىشىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇش ئەخمەقلىقتۇركى ، ئۇنىڭ يامان نەتىجە بېرىشتىن باشقا ئىمكانىيىتى يوق . دوستلاردىن ۋاپا ئۈمىدىنى كۆرەلمەيۋاتقاندا ، دۈشمەندىن قانداقمۇ ۋاپا ئۈمىدىنى كۈتكىلى بولسۇن ؟

زاتى پەسلەردىن ھەم ۋاپا ئۈمىدىنى قىلماسلىق ، پاك ئەسەپ كىشىلەرگە ۋاپاسىزلىق تۇقۇمىنى ئارتماسلىق كېرەك ، ئەزەلدىن زاتى پەسلەردىن ۋاپا گۈلى ئېچىلغان ئەمەس ، ئازغان تىكەندىن ئەتىرگۈل پۇراش كىمگە نېسىپ بولغان!

# شى ئەۋلادى ۋە مىڭ ئەۋلادى

— ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ پەيتى ۋە قارارى بولىدۇ ، شۇ ئىش ئۆز پەيتى ۋە ئۆز قارارىدا قىممەتلىك بولىدۇ ، پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويغاندا قىممەتلىك نەرسىنىڭمۇ ئېتىبارى بولمايدۇ .

— خاتىرەمدىن

لۇ بەگلىكىدە شى فامىلىلىك بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىرى ئىلىم - مەرىپەتكە بېرىلىدىكەن ، يەنە بىرى ھەربىي ئىشلارغا قىزىقىدىكەن . ئىلىم - مەرىپەتكە بېرىلىدىغىنى رەھىمدىللىق ، ساداقەت ، ئەخلاق - دىيانەت يولى بىلەن نام - شۆھرەت ، پۇل - بايلىق تېپىش ئۈچۈن چى بەگلىكىگە بېرىپتۇ . چى بېگى ئۇنى ئېلىپ قېلىپ ، شاھزادىلەرگە ئۇستاز قىلىۋاپتۇ . ھەربىي ئىشلارغا قىزىقىدىغىنى ھەربىي ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ ، بايلىق ، مەرتىۋىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، چۇ بەگلىكىگە بېرىپتۇ . چۇ بېگى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ، ئۇنى لەشكەرلەرگە پەرمان بېشى قىلىپ تەيىنلەپتۇ . بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ مائاشى بىلەن شى ئائىلىسى ناھايىتى بېيىپ كېتىپتۇ . باللىرىنىڭ مەرتىۋىسى تۈپەيلىدىن ئاتا - ئانىسى شۆھرەت تېپىپتۇ .

شى ئائىلىسىگە قوشنا بولغان مىڭ ئائىلىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىككى ئوغلى بولۇپ ، شۇغۇللىنىدىغان ، قىزىقىدىغان كەسىپلىرى شى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئوخشايدىكەن . لېكىن بۇ

www.uyghurkitap.com

ئائىلە نامرات بولۇپ ، تۇرمۇشىنى قىيىنچىلىقتا ئۆتكۈزىدىكەن . ئۇلار شى ئائىلىسىنىڭ باي بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇلاردىن ئەھۋالنى ئۇقۇشقانىكەن ، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، مىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئوغلى رەھىمدىللىق ، ساداقەت ، ئەدەپ ـ ئەخلاق يولى بىلەن نام ـ ئاتاق ، پۇل ـ بايلىق تېپىش ئۈچۈن چىن بەگلىكىگە بېرىپتۇ .

— ھازىر بەگلىكتە كەسكىن جەڭ بولۇۋاتىدۇ ، ھازىر ماڭا زۆرۈرى ، ئەسكەر بىلەن ئاشلىق ، ئەگەر دۆلىتىمنى رەھىمدىللىق ، ساداقەت ، ئەدەپ ـ دىيانەت بىلەن ساقلاپ تۇرىمەن دېسەم ، ھالاكەت يولىغا كىرىپ قالىمەن ، — دەپتۇ چىن بېگى ۋە ئۇنى ئوردا جازاسىغا تارتىپ قوغلىۋېتىپتۇ . مىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھەربىي ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىپ ، نام- شۆھرەت ، بايلىق ، مەرتىۋە تېپىش ئۈچۈن ۋېي بەگلىكىگە بارغانىكەن ، ۋېي بېگى ئۇنىڭغا :

— بىز ئاجىز دۆلەت ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە بەگلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت . چوڭ دۆلەتلەر ئۆزىنى بىزگە باقتۇرىدۇ ، كىچىك دۆلەتلەر بىزدىن خەيرىخاھلىق تەلەپ قىلىدۇ . بۇ ئامانلىقنىڭ يولى . ئەگەر ھەربىيگە تايىنىپ يۈرت سورايدىغان بولسام ، تۈگەشكىنىم شۇ . ناۋادا سېنى مۇشۇ پېتىچە قايتۇرۇۋەتسەم ، باشقا ئەلگە بېرىپ ماڭا بالايىئاپەت تېرىيدىغان ئوخشايسەن ، — دەپتۇ ـ دە ، ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىپ تاشلاپ ، لۇ بەگلىكىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ .

مىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىككى ئوغلى بۇنداق قۇرۇق قول ۋە پاجىئە بىلەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، بۇلار بېشىنى كۆتۈرمەي

شى ئائىلىسىنى دادلاپتۇ.[①]

× × ×

ئىشنىڭ پەيتىنى تاپقانلار روناق تاپىدۇ ، پەيتنى قولدىن بېرىپ قويغانلار ھالاك بولىدۇ. دۇنيادىكى ئىشلاردا مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدىغان ھەق - ناھەق بولمايدۇ. بۇرۇن ئەسقاتقان نەرسىلەر بۈگۈن تاشلىنىپ قېلىشى ، بۈگۈن تاشلىنىپ قالغىنى كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەسقېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەسقېتىش-ئەسقاتماسلىقنىڭ مۇقىم ئۆلچىمى بولمايدۇ. يوچۇق ئىزدەش ، پۇرسەت كۈتۈش ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش — كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە باغلىق. مەڭگۈ ئۆزگەرمەس چارە يوق ، ئەگەر ئەقىل - پاراسەت كەم بولسا ، كۆڭزىغا ئوخشاش بىلىمدار ، لوي شاڭغا ئوخشاش تەدبىرلىك بولۇپ كەتكىنىڭ بىلەنمۇ ، نەگىلا بارساڭ مىخقا ئۇسۇۋالىسەن.

① قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلغان «خەنزۇ خەلق مەسەللىرىدىن تاللانما»دىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى

# هاماقەت باي بىلەن ئەقىلسىز ئوغۇل

— سادىدىن ھەرگىز نار تۆرەلمەيدۇ .

— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

نۇرغۇن پۇل - پۇچەك توپلىغان بىر باي بار ئىكەن . ئۇنىڭ ئوغلى تولىمۇ ھاماقەت بولسىمۇ تەربىيە بەرمەيدىكەن . بىر كۈنى بىر ئاقىل ھېلىقى بايغا :

— ئوغۇللىرىڭنىڭ تەقى - تۇرقى كېلىشىملىك بولسىمۇ ، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى تازا ئۇقمايدىكەن ، كەلگۈسىدە قانداقمۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولار ؟ — دەپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي رەنجىگەن ھالدا :

— بالام ناھايىتى ئەقىللىق ، نۇرغۇن ھۈنىرى بار ، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى ئۇقمايدۇ دېگەنلىرى نېمىسى ، — دەپتۇ .

— باشقا نەرسىنى قويۇپ تۇرۇپ ، — دىتۇ ئاقىل ، — ئۇنىڭدىن يەۋاتقان گۈرۈچنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىلا سوراپ باقايلى ؛ شۇنى بىلسە ، مەن خاتا گەپ قىلىپ قويغان بولاي .

باي ئوغلىنى چاقىرتىپ :

— قېنى ئېيتىپ باققىنە ، گۈرۈچ نەدىن كېلىدۇ ؟ — دەپتۇ ، — شۇنىمۇ بىلمەمتىم ؟ — دەپتۇ ئوغلى ھىجىيىپ ، — گۈرۈچنى خالتىدىن ئالىمىزغۇ !

— ھۇ ئۇچىغا چىققان كالۋا ! — دەپ ۋارقىراپتۇ باي

قاپىقىنى تۈرۈپ، — گۆرۈچنى بىز ئېتىزدىن يىغىۋالىمىز!
— مانا دېمىدىممۇ، بۇنداق بالا سىلىدەك ئاتىدىنلا تۆرىلىدۇ - دە، دەپتۇ ئاقىل.

× × ×

ئادەم تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى بىلىش ئۈچۈن ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش لازىم بولىدۇ، ئەگەر تەييارغا ھەييار بولۇپ ياشىغاندا، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا قانداق كەلگەنلىكى، تىرىكچىلىكنىڭ قانداق ئۆتەۋاتقانلىقى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم- كېچەكنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، شۇڭا ئادەمنىڭ ياشاشقا تىرىكچىلىك يولىغا چەبدەس بولۇشىدا ئائىلە تەربىيىسى بىلەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئىككىسى ماسلاشمىسا يۇقىرىقىدەك ھاماقەتلىك كېلىپ چىقىدۇ.

دادىسى ئەخمەق بولسا، بالىسى ھاماقەت بولماتتى. ئۇرۇق قانداق بولسا مېۋىسى شۇنداق بولىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# بىلىقئالغۇچ بىلەن قىسقۇچپاقىنىڭ ھېكايىسى

— دۇشمەنگە ئىشەنگەن ئادەم ئۆز ھالاكىتى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ .

— خاتىرەمدىن

بىر بېلىقئالغۇچ سۇ بويىنى ۋەتەن قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە لايىق بېلىق تۇتۇپ يەپ ، خۇشاللىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىكەن . بېرىپ ـ بېرىپ ئۇ قېرىپتۇ ـ دە ، كۈچىدىن قېلىپ ، بېلىق ئالالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەم دامىغا گىرىپتار بولۇپ :

«ئەپسۇسكى ، ئەزىز ئۆمرۈم بەربات بولدى . ياش ۋاقتىمدا قېرىلىق ئۈچۈن مال ـ دۇنيا ساقلاپ قويماپتىمەن . ھازىر كۈچ-قۇۋۋىتىم قالمىدى . ماغدۇر بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدىكەن . ئەمدى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ كۈن كەچۈرمىسەم بولمىدى» دەپ غەم يەپ ، ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلىپ بىر سۇ لېۋىدە ئولتۇرغانىكەن ، نېرىدىن بىر قىسقۇچپاقا كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن :

— غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ ، غەمكىنلىكىڭنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

— دەپ سوراپتۇ .

نېمە ئۈچۈن غەمكىن بولماي ! — دەپتۇ بېلىقئالغۇچ ، — مېنىڭ مەئىشىتىمنىڭ شارابى ۋە تىرىكلىكىمنىڭ سەرمايىسى مانا مۇشۇ بېلىقلار ئىدى . ھەر كۈنى ئىككى بېلىق تۇتاتتىم ، ماڭا ئۇنىڭدىن كۈن كۆرگۈدەك قۇۋۋەت ھاسىل بولاتتى . ئۇنىڭلىق بىلەن بېلىقلار كېمىيىپ كەتمەيتتى . مەن ئاشۇ ئازغىنە ئوزۇقفا

قانائەت قىلىپ كۆن كەچۈرەتتىم، ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىنىمۇ تەلەپ قىلمايتتىم. بۈگۈن بۇ يەردىن ئىككى ئۇۋچى ئۆتتى. ئۇلاردىن بىرى: بۇ يەردە بېلىق كۆپ ئىكەن، تۇتايلى دېگەنىدى، يەنە بىرى: پالانى يەردىكى سۇدا بېلىق بەك كۆپ، ئاۋۋال ئۇنى تۇتۇپ ئاندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلەيلى، — دېدى. ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا ماڭا جاندىن قول ئۈزۈپ ئۆلۈمگە بەل باغلىماق لازىم بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قىسقۇچپاقا دەرھال بېلىقلار ئالدىغا قايتىپ بېرىپتۇ ـ دە، بۇ يامان خەۋەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بېلىقلار ۋاڭـ چۇڭ قىلىپ، غوۋغا چىقىرىشىپ بېلىقئالغۇچنىڭ قېشىغا كېلىشىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇۋچىلارنىڭ بىزنى تۇتماقچى بولغانلىقىنى بىزگە سەن خەۋەر قىلىپ قويۇپسەن. سەندىن مەسلىھەت سوراپ كەلدۇق. چۈنكى، مەسلىھەت سورالغان كىشى ئامانەتدار بولىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر: ئەگەردە دۈشمەن كىشى بولسىمۇ، بىر ئىشنى مەسلىھەت سالسا توغرا مەسلىھەت بېرىشى كېرەك، خۇسۇسەن بىر ئىشتا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ نەپ تېگىدىغان بولسا، دەپ ئېيتىشقان. سېنىڭ تىرىكچىلىكىڭ بىز بىلەن ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭمۇ ئېيتىپسەن. ئەمدى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟

— مەن ئۇ سۆزنى ئۇۋچىلاردىن ئاڭلىغان، — دەپتۇ بېلىقئالغۇچ، — ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ ئىلاجى يوق. ماڭا مۇنداق بىر ھىيلە ماقۇل كۆرۈنۈۋاتىدۇ. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا سۇ توختايدىغان بىر جاي بار، سۈيى خۇددى جاھاننەما ئەينىكىدەك ناھايىتى سۈزۈك، ئۇنىڭ تېگىدىكى قۇم دانىچىلىرىنىمۇ سانىغىلى بولىدۇ. غەۋۋاسلار ئۇنىڭ ئاستىغا يېتەلمىگەندەك ۋە شۇڭغۇغۇچىلار ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچىيەلمىگەندەك چوڭقۇر. ھېچقانداق ئۇۋچىنىڭ كۆزى تېخى ئۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۇغا چۈشمىگەن . ئۇ كۆلنىڭ بېلىقى سۇ دولقۇنىدىن ئۇزگە زەنجىرنى ۋە ياكى تورنى كۆرۈپ باقمىغان . ئەگەر شۇ جايغا كۆچسىڭىزلەر خاتىرجەملىك ۋە راھەت ـ پاراغەت بىلەن ئۆمۈر كەچۈرەلەيسىزلەر .

— بۇ ياخشى تەدبىر ئىكەن ، — دەپتۇ بېلىقلار ، — ئەمما ۋاقىت زىچ . كېچىكمەي ئۇۋچىلار كېلىپ قالىدۇ . قانداق قىلىمىز ؟

بېلىقلار ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام ۋە مىننەتدارچىلىق بىلەن قارار قىلىشىپتۇ . يەنى بېلىقئالغۇچ ھەر كۈنى بىرنەچچە بېلىقنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ كۆلگە ئاپىرىپ قويىدىغان بولۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بېلىقئالغۇچ ھەر كۈنى بىرنەچچە بېلىقنى ئېلىپ بېرىپ ، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يەپ قايتىپ كېلىدىكەن . بېلىقئالغۇچنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بېلىقلار «مېنى كۆتۈرگىن» دەپ تالىشىدىكەن . ئەقىل ئىبرەت كۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ غەپلىتىگە نەزەر سالىدىكەن . زامانە مىڭ كۆز بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىغا يىغلايدىكەن . ھەرقانداق كىشى دۈشمەن سۆزىگە ئالدىنىپ ئەسلىدىن يامان بولغانلارغا ئىشەنسە ئۇنىڭ جازاسى مانا شۇنداق بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ . قىسقۇچپاقمۇ ھېلىقى كۆلگە كۆچۈش ئارزۇسىنى بايان قىلىپتۇ . بېلىقئالغۇچ ئويلاپ «ماڭا ، بۇنىڭدىن بەكرەك دۈشمەن يوق ، ئۇنىمۇ ئۇنىڭ يارانلىرى بارغان جايغا ئېلىپ بارغىنىم ياخشى» دەپتۇ ـ دە ، قىسقۇچپاقنى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ ھېلىقى دۆڭگە ئېلىپ كەپتۇ . قىسقۇچپاقا بېلىقلارنىڭ سۆڭىكىنى كۆرۈپ : «ئەقىللىق كىشى دۈشمىنىنىڭ سۇيىقەستىدىن ۋاقىپ بولسا ، ھەرىكەت قىلىشى كېرەك ، ئەگەر ھەرىكەت قىلمىسا ئۆز خۇنىغا شېرىك بولىدۇ . ئەگەر ئۇ سۇيىقەستتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا ، دۈشمىنى ئۈستىدىن زەپەر قازىنىدۇ ، مەردانىلىكىنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە تارقىلىدۇ ۋە

غەيرەتسىزلىكىنىڭ تەنىسىنى ئاڭلىمايدۇ» دەپ پىكىر يۈرگۈزۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، قىسقۇچپاقا بېلىقئالغۇچنىڭ دۇمبىسىدىن كانىيغا ئۆملەپ بېرىپ كانىيىنى مەھكەم سىقىپتۇ. بېلىقئالغۇچ قېرى ۋە زەئىپ ئىكەن. شۇڭا، بىرئاز سىقىش بىلەنلا يەرگە يىقىلىپ بىھوش بولۇپ تۇپراق تەڭ بوپتۇ. قىسقۇچپاقا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ ۋە قالغان بېلىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ سۆيۈنچىسىنى ئاپتۇ ھەمدە قىسسىسىنى باشتىن- ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بېلىقلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈنۈپ، بېلىقئالغۇچتىن قۇتۇلغىنىغا شۈكرى قىلىپ، يېڭى ھايات تېپىپتۇ.①

× × ×

دانا ۋە ھوشيار بولماق كېرەككى، دۈشمەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغان رەقىبى پۇرسەت كۈتىدۇ، ئۇ ئۆز رەقىبىنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەن، ياردەمگە موھتاج بولغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان، كۆڭۈل بۆلگەن، ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇ پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىدىن شۇنداق خۇرسەن بولىدۇ- دە، مەقسەتنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا، بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ياخشى بايقاپ ئەقىل بىلەن ئىش تۇتمىغاندا دۈشمەننىڭ ھىيلە تۇزىقىغا چۈشۈپ قالىدىغان ئىش. دۈشمەن ھەرقاچان رەقىبىنىڭ غەپلەتتە ئالدىنىپ قېلىشىنى، ئۆزىگە ئىشىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، كىمكى قاچان ئۇنىڭغا ئالدىنىدىكەن، دۈشمەننىڭ ئۈمىد شامى يورۇيدۇ، ئالدانغۇچىنىڭ ھالاكىتى تېزلىشىدۇ.

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان «كەلىلە ۋە دەمنە»دىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# يىلان بىلەن توشقان

— ياۋۇزلارنىڭ قولىدىكى قانۇن ، ئاجىزلار ئۈچۈن زۇلۇمدۇر .

— خاتىرەمدىن

يىلان توشقاننىڭ تۇرار جاي ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن بىر قانۇن تۈزۈپتۇ .

— قولاق سال ، — دەپتۇ يىلان ئاتايىن توشقاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر مەن ئىشىكنى چەكمەي ، سېنىڭ رۇخسىتىڭنى ئالماي ، ئۇسۇپلا ئۆيۈڭگە كىرسەم ، سەن مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق!

يىلاننىڭ قانۇن تۈزگەنلىكى تامامەن ياخشى نىيەتتىن ئىكەن .

«توشقاننىڭ قانۇن كۆزقارىشى ئەزەلدىن ئاجىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا ئىشەنمەسلىكنى دەماللىققا ئۆزگەرتىپ كېتەلمەسلىكى ناتايىن» دەپ توشقاننىڭ پوزىتسىيىسىدىن تەشۋىشلەنگەن يىلان ئاۋۋال بېرىپ توشقاننى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ .

ئۇ قەستەن ئىشىكنى چەكمەي ئۆيگە ئۇسۇپلا كىرىپتۇ - دە ، توشقاندىن بىرنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ، توشقان كاتىككىنىڭ ئۈستىدە توشقاننىڭ ئەرزىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ .

يىلان ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ ، توشقاندىن خەۋەر كەلمىگەندىن كېيىن يىلاننىڭ غەزىپى مىنۇت - سىكۇنتلاپ ئۆرلەپ ، كاتەككە قايتا كىرىپ توشقاننى تۇتقانچىلا چىچىلىپ كېتىپتۇ .

— نېمە ئۈچۈن قانۇنغا رىئايە قىلمايسەن؟

— ئەپەندىم، — دەپتۇ توشقان، — مەن كىمنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىمەن، قانداق رىئايە قىلىمەن؟

— نېمىشقا ئەرز قىلمايسەن؟

— بايىقى بۆلاڭچىمۇ ئۆزلىرى، ھازىرقى سوتچىمۇ ئۆزلىرى تۇرسىلا، مەن قايسى قاراقچىنى تۇتۇپ، قايسى سوتچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلىمەن؟

— «كۇش - كۇش» — بۇ گەپ بىلەن غەزىپىنى باسالماي قالغان يىلان توشقاننى ھاپلا قىلىپ يەۋېتىپتۇ. ئاندىن خالايىققا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ نۆۋەت مېنىڭ توشقاننى ئۆلتۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. توشقان قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدى ھەمدە قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش رەسمىيەتلىرى تولۇق بەجا كەلتۈرۈلدى.①

× × ×

بۇمۇ بىر شەيتاننىڭ ھەسرىتىدەك بىر ئىش - تە. بىرەيلەن بىر كۈنى شەيتاننى كۆرۈپتۇ. قارىسا شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەن، ھەتتا ئادەملەردىنمۇ قاملاشقانىكەن، بۇ ھالنى كۆرگەن ئادەم شەيتاندىن سوراپتۇ:

— سەن شۇنچە گۈزەل بولساڭمۇ، لېكىن ئادەملەر سېنىڭ سۈرىتىڭنى شۇنداق بەدبەشىرە قىلىپ سىزىدۇغۇ؟

— بۇنىڭغا نېمە ئامال، قەلەم ۋە قەغەز باشقىلارنىڭ قولىدا بولغاندىن كېيىن ئۇلار قانداق سىزىۋالسا شۇنداق سىزىۋالىدىكەن ئەمەسمۇ، دەپتۇ. شۇنىڭدەك ياۋۇزلارنىڭ قولىدىكى قانۇنمۇ ياۋۇز بولىدۇ.

① قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلغان «خەنزۇ خەلق مەسەللىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تادان مايمۇن

— باشقىلارنىڭ پاجىئەسىگە خۇشال بولۇۋاتقاندا ئۆزۈڭنىڭ ماتەمنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قوي .
— خاتىرەمدىن

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، مايمۇننىڭ مېڭىسى ناھايىتى قۇۋۋەتلىك ئىكەن . بىراق ، مايمۇننى تۇتۇش ئاسان ئەمەسكەن ، جىددىي لازىم بولۇپ قالغاندا تېپىلمايدىكەن . شۇڭا ، ئىلگىرى يۇننەننىڭ يەرلىك تۆرىلىرى جىددىي لازىم بولۇپ قالغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن مايمۇن باقىدىكەن ، مايمۇننىڭ مېڭىسى بىلەن مېھمان قىلىشقا تېگىشلىك مېھمانلارنى ساھىبخان مېھمان قوتىنىغا باشلاپ كىرىپ ئۆزىگە تاللىتىدىكەن . مايمۇن ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ زېرەك ھەم تادان بولغاچقا ، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلىشىدىكى ئىستەكلىرىنى بىلىپ قالىدىكەن . شۇڭا ، ھەر قېتىم خوجايىن مېھمانلارنى باشلاپ قوتانغا كىرگەندە ، بۇ تادانلارنى ۋەھىمە باسىدىكەن ۋە ئۇلار مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلايدىكەن ـ دە ، تىترىگەن پېتى بىر بۇلۇڭغا يىغىلىپ ، ئالاقزادە بولۇپ ، ئۇرا كۆزلىرىنى مېھمانغا تىكىپ ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان قولنىڭ قاياققا سوزۇلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشىدىكەن ، مېھمان ئۇلارنىڭ بىرسىگە كۆزى چۈشۈپ ، قولى بىلەن كۆرسەتكەن ھامان ، قالغان مايمۇنلار ئېتىلىپ بېرىپ ، مېھمان تاللىغان مايمۇننى ئىتتىرىپ ، ئالدىغا

چىقىرىپ بېرىدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن قوتاندا ئۇ مايمۇننىڭ ئېچىنىشلىق زارى ئاڭلىنىدىكەن ، قالغان مايمۇنلار بولسا خۇشال ئويناقلىشىپ كېتىشىدىكەن . ئۇلارنىڭ نەزىرىچە ، ئاپەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن نېمە بولىدۇ ، ئۇ كېيىنكى ئىش . بۇ ئەقىللىق مەخلۇقلار ئۆز ئىچىدىن بىرسىنى تارتىپ چىقىرىپ قۇربانلىققا تۇتۇپ بەرگىنى بىلەن ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىدە قىلچە ياخشىلىنىش بولمايدىغانلىقىنى ، بەلكى تېخىمۇ يامانلايدىغانلىقىنى قۇربان بولغۇچىنىڭ تەقدىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى ، بىرسىمۇ بۇ قارا تەقدىردىن مۇستەسنا بولالمايدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمايدىكەن .①

× × ×

ئەمدى يەنە بىر مايمۇننىڭ تەقدىرىگە قاراپ باقايلى .

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# مايمۇن بىلەن يولۋاس

— ئاجىز بولساڭمۇ دۈشمىنىڭگە ئاراملىق بەرمە .
— خاتىرەمدىن

هايۋانلار ئىچىدە جۇغى كىچىك ، دەرەخقە چىقىشقا ماھىر ، تىرناقلىرى ئۆتكۈر بىر خىل مايمۇن بولۇپ ، يولۋاسنىڭ بېشى قىچىشىپ كەتكەندە ، ئۇنى قاشلىتىدىكەن . ۋاقىت ئۇزارغانچە مايمۇن قاشلاۋېرىپ يولۋاسنىڭ مېڭىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ . يولۋاس سەزمەپتۇ . ئەكسىچە ، ئۇنىڭغا ناھايىتى خۇشىيېقىپ كېتىپتۇ . مايمۇن ئاستا ـ ئاستا يولۋاسنىڭ مېڭە قېتىقىنى يېيىشكە كىرىشىپتۇ . ئۆزىدىن ئاشقىنىنى يولۋاسقىمۇ تۇتۇپ بېرىپتۇ . مايمۇن ماڭا بەك ۋاپادارلىق قىلىۋاتىدۇ ، — دەپ ئۇنى تېخىمۇ ئىززەتلەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ . بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يولۋاسنىڭ مېڭە قېتىقى تۈگەپ ، بېشى ئاغرىشقا باشلاپتۇ . مايمۇننىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ ، مايمۇن بولسا ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ ، ئېگىز دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقىپ مۆكۈۋاپتۇ . يولۋاس ئاغرىق ئازابىدىن زار ـ زار قاخشاپ ئۆلۈپ قاپتۇ .①

× × ×

يۇقىرىقى ئىككى خىل تەقدىر دۈشمەن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ، ئۆزى

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

ئاجىز ، دۈشمەن كۈچلۈك ئەھۋالدا قانداق ئۇسۇل بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك مەزمۇنلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

بولۇپمۇ ئالدىنقى مايمۇنلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ . راست ، بۇلار بىر - بىرىنى تۇتۇپ بېرىش بىلەن ئۆزىگە كېلىۋاتقان پاجىئە ئۆچرىتىنى يەنە قانچە كۈن ئۇزارتالار ؟

كېيىنكى مايمۇن ھەقىقەتەن پاراسەت بابىدا يېگانە ئىكەن . ئۇ گەرچە ئاجىز بولسىمۇ ، كۈچلۈك دۈشمىنىگە ئاراملىق بەرمەسلىك ، ئاستا - ئاستا خورىتىش يولىنى تۇتۇپ ، ئاخىرى شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پۇتىغا قاپاق باغلىۋالغان كىشى

— ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تونۇمىساڭ ، سېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ .

— خاتىرەمدىن

بىر نادان پەلەكنىڭ گەردىشىدىن زارلاپ ـ قاخشاپ يېزىدىن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى . شەھەرگە كىرىپ كۆردىكى ، شەھەر شۇنچىلىك شاۋقۇن ـ سۈرەن ئىدى ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇنچىلىك قايناق ئىدى ، شۇنچە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، ۋارقىراش ـ جارقىراش بىلەن تولغانىدى . بىرى ئوڭغا چاپسا ، يەنە بىرى سولغا چاپاتتى . بۇ ئىشلارنى كۆرگەن بۇ ئەخمەق نادان ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ شۇنداق ئويلىدى : «بۇ ئادەم دېڭىزى ئىچىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ ئېزىپ قالسام ئۆزۈمنى قايسى بەلگە ـ نىشانغا قاراپ تاپىمەن ؟ »

ئۇ شۇ خىيال بىلەن تەشۋىش قىلىپ قولىغا قارىسا ، قولىدا بىر قاپاق تۇرغۇدەك . ئۇ شۇئانلا ئەقلىگە كېلىپ ئۇنى بەلگە ـ نىشان قىلىپ پۇتىغا باغلاپتۇ . ئۇ ئەگەر ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا ، دەل شۇ قاپاققا ئاساسلىنىپ ئۆزىنى تېپىۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ ، بۇ ئەقلىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ خاتىرجەم بازارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ .

ئۇنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىنى ۋە خىيالىنى سەزگەن بىر دانا كىشى ئۇنىڭ ئىزىدىن ئاستا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ . ھېلىقى ئەخمەق كەچ بولغاندا پۇتىدىكى قاپاقنى يېشىپ قولىغا ئېلىپ ئۇيقۇغا

كېتىپتۇ . ئۇ ئەخمەق ئۆيقۇدىن ئويغىنىپ پۇتىغا قارىسا پۇتىغا باغلىۋالغان قاپىقى يوق تۇرغۇدەك . ئۇ زارلىنىپ پەرياد كۆتۈرۈپ دەپتۇكى :

— تۇر ھەي بىچارە ، قاپىقىمدىن ئايرىلىپ باغرىم قان بولدى . بۇ مەنمۇ ياكى سەنمۇ ؟ بىلمەي قالدىم . ئەگەر بۇ مەن بولسام ئۇنداق بولسا پۇتۇمدىكى قاپاق قېنى ، ئەگەر بۇ سەن بولىدىغان بولساڭ ، ئۇنداق بولسا مەن قەيەردە ؟ مانا ئەمدى مەن بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ھېساپتا يوق بولۇپ قالدىم . بارلىق سۆلىتىم ۋە دەسمىيىم ئايىقىمدا ئىدى ، قانداق قىلاي ۋاپا قىلمىغان بۇ دۆلىتىم . ئەي خۇدا ماڭا ياخشىلىق قىلىپ ، مېنىڭ دەردىمگە پىشالىق بەرگەيسەن ، — دەپ ئۆزىنى ئىزدەپ سەرسان-سەرگەردان بولۇپتۇ .

× × ×

بۇ ھېكايەتتىن قانداق ئىبرەت ۋە قانداق ساۋاق ئالغۇلۇق ؟ ئادەم بۇ دۇنيادا نېمىگە ئاساسەن ئۆزىنى تونۇيدۇ ، كىيىم - كېچەككە ، چىراي - تۇرقىغا ۋە ياكى پۇتىغا قاپاق باغلىۋېلىش ئارقىلىق تونۇغۇلۇقمۇ . پەقەت شۇ بىر قاپاقتىن باشقا مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە بولمىغان ئادەم ئۇچۇن بۇ ھايات ئالىمىدە مەۋجۇت بولۇشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوققۇ . ئۆزىنى ئۆزى تونۇيالمىغان ئادەمنى باشقا كىممۇ تونۇسۇن .

بۇ دۇنياغا كېلىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر بەلگىمۇ قالدۇرماسلىق نېمىدېگەن بىچارىلىق ھە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېتى

# گۆش كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىش

— سۆزنىڭ بېشى لاي بولسا ئايغىمۇ لاي بولىدۇ.
— ئۇيغۇر خەلق ھېكمەتلىرى

چى لىنگۇڭ ئاياللارنى ئەرچە كىيىندۈرۈشكە خۇشتار بولغاچقا، ئەل ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەرچە ياسىنىۋاپتۇ. چى لىنگۇڭ بۇ ئىشنى توسۇشقا ئەمەلدار چىقىرىپ، «ئەرچە كىيىنگەن ئاياللارنىڭ كىيىمى يىرتىپ تاشلانسۇن، پوتىسى ئۈزۈۋېتىلسۇن!» دېگەن پەرماننى چۈشۈرۈپتۇ. ئاياللارنىڭ كىيىملىرى يىرتىپ تاشلانغان، پوتىسى ئۈزۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىنى دورىشىپ، ئەرچە كىيىنىشنى توختاتماپتۇ.

يەنزى چى لىنگۇڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، چى لىنگۇڭ ئۇنىڭدىن:

— مەن ئاياللارنىڭ ئەرچە كىيىنىشنى توسۇش ئۈچۈن ئەمەلدار چىقاردىم، ئەرچە كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلىدىم، پوتىسىنى ئۈزۈۋەتتىم، لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىنى دورىشىپ، ئەرچە كىيىنىشنى تېخى توختاتمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز نىڭ ئوردا ئاياللىرىنى ئەرچە كىيىندۈرۈپ، سىرتتىكىلەرنىڭ ئەرچە كىيىنىشنى توسسىڭىز خۇددى گۆش كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتقاندەك ئىش بولۇپتۇ. سىز نېمىشقا ئالدى بىلەن ئوردا ئاياللىرىنى توسمايسىز؟ ئەگەر ئوردا ئاياللىرىنىڭ

ئەرچە كىيىنىشىنى توسسىڭىز ، سىرتتىكى ئاياللاردىن بىرىمۇ ئەرچە كىيىنىشكە جۆرئەت قىلالمايدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يەنزى . چى لىنگۇڭ ماقۇل بولۇپ ، ئوردا ئاياللىرىنىڭ ئەرچە كىيىنمەسلىكى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ئاي ئىچىدىلا ئەلدە ئەرچە كىيىنىدىغان ئايال قالماپتۇ .

كىشىلەر : «سۇنىڭ بېشى لاي بولغاچقا ، ئايىغىمۇ سۈزۈك ئەمەس» دېگەن گەپنى مۇشۇنداق ئىشلارغا قارىتىپ ئېيتسا كېرەك.①

× × ×

قۇرئاندا مۇنداق بىر دەۋەت بار . «باشقىلارغا ياخشى ئىشنى بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر» دەپ ، جەمئىيەتتە بەزى ئادەملەر باركى ، كانىيى يىرتىلغۇچە جاھان ئۇنداق بولۇپ كەتتى ، پوكۇنى بۇنداق قىلىپ كەتتى دەپ ۋايساپلا يۈرۈيدۇ . بەزى ئەمەلدارلار ھەم ئۇنداق قىلىش كېرەك ، مۇنداق قىلىش كېرەك دەپ كىشىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشنىلا بىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە شۇلار دەۋاتقان ئىشنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ۋە ئائىلىسىدە ئۆرنىكى بىلەن بار . ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى باشقىلارغا ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ئۆزىگە ئىگە بولغاندا ، ئاندىن ياخشى ئىش ، ياخشى كەيپىيات ئەۋج ئالىدۇ . يول قويۇشتىن ، مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن ھەممە ئەسكىلىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ .

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# كالپۇك بولمىسا چىش توڭلايدۇ

— تېرىقنى دەپ تاۋۇزدىن قۇرۇق قاپتۇ دېگەن شۇدە .
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

بۇرۇنقى زاماندا ، جىن شيەنگۇك گو بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ ، شۇنشىنى يۇي بەگلىكىگە يول سوراپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولۇپتۇ . شۇنشى :

— چۈيجىندىن چىقىدىغان زۇمرەت بىلەن چۇ دېگەن جايدىن چىقىدىغان ئارغىماقنى يۇي بەگلىكىگە تارتۇق قىلىپ ، ئۇنىڭدىن يول سورىساق ، مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتىمىز ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ .

— چۈيجىندىن چىقىدىغان زۇمرەت سابىق خانلاردىن قالغان تەۋەررۇك ، چۇ دېگەن جايدىن چىقىدىغان ئاتلار مىنىڭ ئەڭ ياخشى دۇلدۇللىرىم بولىدۇ . ناۋادا يۇي بېگى سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ ، يول بېرىپ تۇرمىسا قانداق قىلىمىز ؟ — دەپ سوراپتۇ جىن شيەنگۇك .

— ئۇنداق قىلمايدۇ ، — دەپتۇ شۇنشى ، — ناۋادا ئۇنىڭ بىزگە يول بەرمەسلىك نىيىتى بولسا ، سوۋغىمىزنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ . ئەگەر سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلىپ ، يول بېرىپ تۇرىدىغان بولسا ، بۇ خۇددى زۇمرەتنى ئىچكىرىكى ئامباردىن تاشقىرىقى ئامبارغا ، ئاتنى ئىچكىرىكى ئوقۇردىن تاشقىرىقى ئوقۇرغا يۆتكەپ قويۇپ تۇرغاندەكلا ئىش بولىدۇ . بۇنىڭدىن غەم قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟

جىن شيەنگۇك بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇنىشنى ھېلىقى سوۋغىلار بىلەن يۈي بەگلىكىدىن يول سوراپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. جىن بەگلىكىنىڭ زۇمرىتى بىلەن ئارغىماقلىرىغا خۇشتار بولۇپ يۈرگەن يۈي بېگى جىن بەگلىكىگە يول بېرىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ، ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئوردا ئاقساقاللىرىدىن بىرى ئۇنى توسۇپ:

— ماقۇل بولمىسىلا، يۈي بىلەن گونىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن. كونىلاردا «كالپۇك بولمىسا، چىش توڭلاپتۇ» دېگەن گەپ بار. ئەگەر جىن بەگلىكىگە يول بېرىپ قويىدىغان بولسىلا، گو بەگلىكى ئەتىگەندە مۇنقەرز بولسا، كەچكە قالماي يۈي بەگلىكىمۇ تۈگىشىدۇ، قانداقمۇ يول بەرگىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ.

يۈي بېگى ئوردا ئاقساقىلىنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماي، جىن بەگلىكىگە يول بېرىپتۇ.

شۇنشى گو بەگلىكىنى يوقىتىپ، قايتىپ كېلەشىدە يۈي بەگلىكىنىمۇ ھۇجۇم بىلەن مۇنقەرز قىپتۇ-دە، زۇمرەتنى، ئاتنى قايتۇرۇۋېلىپ، جىن شيەنگۇڭغا مەلۇم قىپتۇ. جىن شيەنگۇك خۇشال بولۇپ:

— زۇمرەت ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ، بىراق ئاتنىڭ بېشى سەل-پەللا چوڭىيىپ قاپتۇ، خالاس، — دەپتۇ.

«تېرىقنى دەپ، تاۋۇزدىن قۇرۇق قاپتۇ» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.①

× × ×

ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا شۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى، ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان پايدا-زىيىنىنى دەڭسەپ كۆرۈش كېرەك.

① يوقىرىقى مەنىبە بىلەن ئوخشاش.

ئالدىغا سامان تاشلاپ بېرىپ گول قىلىپ ، سۈتىنى ساغىدىغان ئىنەك كالا ئورنىغا چۈشۈپ قالماسلىق كېرەك . خەلق ئارىسىدا «ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماپتۇ» دېگەن ھېكمەت بار . ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مەنپەئەتىنى دەپ ، شۇنچە مۇھىم ۋە زور بولغان ئەلنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىۋەتكەندە كالپۇكتىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئىش بولىدۇ ـ دە ، چىشقىمۇ ئاراملىق يوق ، بۇ قانۇنىيەتنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك .

# قارا قۇشنىڭ تەرجىمىھالى

— خوجىسى زوراۋان بولسا، غالچىسى ئۆكتەملىكتە
تومەن چاڭزىنى بۇزۇپتۇ.
— خاتىرەمدىن

بىر قۇش خۇاڭدى، شاۋخاۋشى زامانىغا ئۇلگۇرۇپ پەيدا بولغانلىقتىن، قۇشلارنىڭ ئۇستازى قىلىنىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا سۇمۇرغ دېگەن نام بېرىلىپ، ئۇچار - قاناتلار سەركەردىسى قىلىپ قويۇلۇپتۇ.

شۇ زامانلاردا نەنشەن تېغىدا يەنە بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇ قارا قۇش دېيىلىدىكەن. قارا قۇش ۋەھشىي، ئۆكتەم، ئاچ كۆز، مەككار تەبىئەتلىك قۇش بولۇپ، مەرۋايىتتەك گۇرۇچ، شېرىن مېۋىلەرگە نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي، يېيىشكە خاسلا ئۇچار قاناتلارنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن، شۇڭا قارا قۇش تۇرغان جايدىن قۇشلار توزۇپ، يىراق - يىراقلارغا كېتىپتۇ. ئېگىز دەرەخلەر ئۇستىدىكى قۇش ئۇۋىلىرىمۇ ئامان قالماپتۇ. ئورمانلىقتا چۇشۇپ ئارام ئالىدىغان قۇشلارمۇ كۆرۈنمەس بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى يەيدىغان ھېچ نەرسە تاپالمىغان قارا قۇش گەپ - سۆز بىلەن نەيرەڭ ئىشلەتمەكچى بولۇپ، بارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ ئاتالمىش ئەيىب - نۇقسانلىرى ئۇستىدە سۇمۇرغقا ئەرز قىپتۇ.

— سانىڭ شىمالدىن جەنۇبقا كېلىشى، — دەپتۇ ئۇ، — ئاسىيلىق؛ شاتۇتىنىڭ قۇشلار تىلىنى تاشلاپ ئادىمزاتنى دورىشى ئۆز يولىدىن چىقىپ كەتكەنلىك؛ سوپسوپياڭنىڭ ئەتىيازدا غاردىن چىقىپ، دەرەخ ئۇستىگە كۆچۈپ كېلىشى — قانۇنغا خىلاپ؛ قارلىغاچنىڭ كۆز، قىش كۈنلىرى يىراققا

كېتىشى — مەجبۇرىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىق ؛ قارا قاغا ياخشى ـ ياماننى بىلمىگەچكە «بالايىئاپەت» دېگەنلەر ئۇستىدە كېپ سېتىپ يۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ساراسىمىگە سالدى ؛ سېغىزخان دەريانى تىندۇرۇپ سۇنى توسۇپ قويدى ؛ پاختەك ھۇرۇن بولغاچقا ، سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسىنى ئىگىلىۋالدى ؛ بۇلبۇل ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى ؛ چىل بۆلگۈنچىلىككە ئۇستا ؛ توخۇلار سوقۇشقاق بولۇپ ، بىر ـ بىرىنى زەخىملەندۇرۇپ يۈرىدۇ . ياۋا ئۆدەك ، چايكا ، غاز ، ئۆدەكلەر سۇ ئۇرۇشى قىلىشقا ئادەتلىنىۋالدى ؛ غار ـ غار ئۆدەك ، ئاققۇلار بېلىق تۇتۇپ ، باج تۆلىمىدى ؛ تورنىڭ تەقى ـ تۇرقى باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدۇ ؛ كاككۇك سايراپ يۈرۈپ ، كىشىلەرنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتتى ، چېكرا قاراۋۇللىرىنى قاچۇرۇۋەتتى ؛ چەينەك قۇش كىشىلەرنى ھاراق ئىچىپ جېدەل تېرىشقا قۇتراتتى ؛ بۇ قۇشلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار ، جازاغا تارتىلمىسا تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ .

سۇمۇرغ بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قاپتۇ ، قۇرغۇيغا ئۇلارنى جازالاپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . قارا قۇش بىلەن قۇرغۇي تىل بىرىكتۈرۈپ تاغ ، جىلغا ، ئورمانلىقلارنى ئاختۇرۇپ ، ئۇچرىغانلىكى قۇشلارغا زەربە بېرىپتۇ ، قوغلاپتۇ ، تۇتۇپ چەيلەپتۇ ، گېلىنى بوغۇپ ، گۆشىنى يەپتۇ ، قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇرۇپتۇ ، تېرىلىرىنى تىتىپ تاشلاپتۇ ، قۇشلارنىڭ پەي ـ تۈكلىرى توزۇپ ، قانلىرى يەر يۈزىنى بوياپتۇ . قىسقىسى ، قارا قۇش بىلەن قۇرغۇيغا ئۇچراپ قالغانلىكى قۇش تىرىك قالماپتۇ ، ئۇلارغا يولۇقۇپ قالماي تىرىك قالغانلىرى ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ ، بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپتۇ . ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋىلىرىنى چۇۋۇپ ، بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، يىغقان ـ تىككەنلەرنى قوشۇپ ، قۇرغۇيغا خۇشامەت قىلىشىپتۇ ، قارا قۇشقا پارا بېرىپ تۇتۇۋالماسلىقىنى تىلەپتۇ . بۇنىڭ بىلەن قارا قۇشنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتىپتۇ . باشقا قۇشلار بولسا ،

كۆنسايىن قىسىلىپ قاپتۇ، تىرناقلىرى سەل - پەل ئۆتكۈررەك قۇشلار قارا قۇشنىڭ قىلىقىغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇنى دوراپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشقا باشلاپتۇ. تىرناقلىرى گالراق بولغانلىرى ئۆزىنى كۆرسەتمەي مۆكۈۋاپتۇ ياكى يىراق - يىراقلارغا قېچىپ كېتىشىپتۇ. نەتىجىدە قۇشلار ئوتلاقلاردا ئۆلۈپ جەسەتلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ.

قارا قۇش باش قېتىنچىلىقىدا تۇرغىنىدا فىلەيشەن تېغىنىڭ چوققىسىدا ئىتىز - ئېرىق خوجىسى دەپ لەقىمى بار ئاق تۇرنا دېگەن بىر قۇشنىڭ بارلىقىنى، بۇ قۇش ئىنتايىن سەممىي، پاك قۇش ئىكەنلىكىنى، باشقا قۇشلار بىلەن ئوبدان چىقىشىدىغان ھەم ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇرغۇينى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئاق تۇرنىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەھۋالنى ئوڭشاشقا ئەۋەتمەك بوپتۇ. ئاق تۇرنا سومۇرغقا مەسلىھەت بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قارا قۇش دېگەن نېمىدىن دەسلەپتە بىر سىلا بار ئىدى. سىز ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقىنى كۆپەيتىپ قويدىڭىز. ھالا بۇ كۆنگە كەلگەندە، ئۆزىنى قارا قۇش، دەيدىغانلارنىڭ سانى - ھېسابى قالمىدى! ئىلگىرىكى قارا قۇشنىڭ ئىسمى قارا قۇش، لەقىمى بۈركۈت، شەكلى - تۇرقى قارا قۇش، خۇسۇسىيىتىمۇ قارا قۇش ئىدى. ئەمدى بۇگۈنكى كۈندە بولسا، قارا قۇش ئەمەسلەرمۇ قارا قۇش بولۇۋالدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، قارا قۇش بولغانلار ئوزۇقتا ئىگە بولدى. قارا قۇش بولالمىغانلار ئوزۇقسىز قالدى. قارا قۇش بولغانلار پايدا ئالسا ئالدىكى، زىيان تارتمىدى؛ بۈركۈت بولمىغانلار پايدىغا ئىگە بولمىدى. ھازىر بالا چىقارغان قۇشلارنىڭ ھەممىسى بالىسىنى قارا قۇش قىلىشنى، ئەمدى ئۈچۈرما بولغان قۇشلار قارا قۇشنى دوراشنى، شەكلى قارا قۇشقا ئوخشىمايدىغان قۇشلارمۇ قارا قۇش بولۇۋېلىشنى ئارزۇلايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئەگەر

ئۆلارنىڭ باش كاتتىۋېشى ئۆلتۈرۈلۈپ، چوماقچىلىرى يوقىتىلمىسا، باشقا قۇشلارغا ئىبرەت قىلىنمىسا، ئەنقار، سېرىق قۇشقاچ، جىگدىچۇك، ئاق قۇشقاچ ۋە باشقا ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەممىسى قارا قۇش بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

سۇمۇرغ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل دەپ، خۇاگدى، شاۋ خاۋشىلارغا دوكلات يوللاپ تەلەپ قويۇپتۇ، شاۋ خاۋشى تاغ، ئورمان شىكار ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئەمەلدار ئوقيا، تور ـ قاپقان كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، قارا قۇشنى يوقىتىپتۇ، قارا قۇشنىڭ خىللىرىمۇ پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. شاۋخاۋشى يەر يۈزىدە قارا قۇش قالدۇرماسلىق ھەققىدە پەرمان چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا قۇشنىڭ گۇماشتىلىرى ئىز ـ تىنسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇشلار باللىرىنى چوڭ قىلىپ، قېرىلىرىنى بېقىپ، ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىسىنى تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ.①

× × ×

بۇ مەسەل ئاساسەن ھاكىمىيەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايە بولۇپ، يامان، ئۆكتەم، مۇشتۇمزورلارغا ئىمتىياز بەرگەندە خەلقنىڭ قېنىنى ئىچىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ساۋاقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تۆۋەندىكى غالچىلارنىڭ ئادىتى شۇكى، يۇقىرىنىڭ كۆزىنى بويايدۇ، يالغان ـ ياۋىداق دوكلات بىلەن ئۆلارنى ئالدايدۇ، تۆۋەندە بولسا دوپپىسىنى ئېلىپ كەل دېسە بېشىنى كېسىپ ئەلگە زۇلۇم قىلىدۇ. ياخشىلارغا كۈن بەرمەيدۇ، ئۆزىنىڭ گۇپپاڭچىلىرىنى يۆلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياخشىلار خارلىنىدۇ، يامانلار ئەزىز بولىدۇ.

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

# ئەتىگەندە ئۈچ، كەچتە تۆت

— تەڭگىنى ئولڭ يانچۇقتىن ئېلىپ، سول يانچۇققا سېلىپ قويغان بىلەن ئۇ زەرگە ئايلانمايدۇ.

— خاتىرەمدىن

سۇڭ بەگلىكىدە مايمۇنغا ئامراقلىقىدىن «مايمۇنچى» دەپ ئاتالغان بىر ئادەم بىر قوتان مايمۇن بېقىپتۇ، ئۇ مايمۇننىڭ غەرىزىنى ئۇقىدىكەن، مايمۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىدىكەن. مايمۇنچى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تامىقىنى قىسىپ قىسىدىكەنكى، مايمۇنلىرىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويمايدىكەن. ئارىدا ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆيدە ئاشلىق ئۆكسۈپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم مايمۇنلارنىڭ ئوزۇقىنى كېمەيتكەندە، مايمۇنلارنىڭ گەپ ئاڭلىماس بولۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مايمۇنلىرىنى بەزلەپ كۆرمەكچى بوپتۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن چوشقا ياڭىقى يەيسىلەر، — دەپتۇ ئۇ مايمۇنلىرىغا، — ئەتىگەندە ئۈچنى، كەچتە تۆتنى يېسەڭلار، تويامسىلەر؟

مايمۇنلار بۇنى ئاز كۆرۈپ، ئاچچىقىدىن ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ كېتىپتۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن چوشقا ياڭىقى يەيسىلەر، — دەپتۇ «مايمۇنچى» بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ، — ئەتىگەندە تۆتنى، كەچتە ئۈچنى بەرسەمغۇ توپارسىلەر ؟

بۇ گەپ بىلەن مايمۇنلار ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ ، ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ يېتىپتۇ.①

× × ×

ئورۇن ئالماشتۇرغان بىلەن ھەرگىز سانلارنىڭ قىممىتى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇپ قالمايدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنچىلىك ئاددىي بىر مەسىلىگىمۇ ئالدىنىپ قالىدۇ .

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .



www.uyghurkitap.com

# دۇمباقچى پاقا

— ئېقىنغا قارشى ماڭسالڭ قىرغاققا يېتەلمەيسەن.
— خەلق ھېكمەتلىرى

بىر يىلان يوك بېسىلغان ھارۋىنىڭ ئالدىنى توسىماقچى بولۇپتۇ. ئەمما، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئوڭايغا چۈشمەسلىكىنى بىلىپ، بىر پاقىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ:

— بۇ بىر مەيدان چوڭ جەڭ، — دەپتۇ يىلان پاقىغا، — سەندەك داڭلىق دۇمباقچىدىن بىرى بولمىسا بولمايدۇ.

بەك خۇشال بولغان پاقا يوك بېسىلغان ھارۋا يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا، قورسىقىنى گۈمبەزدەك كۆپتۈرۈپ، كوكىراشقا باشلاپتۇ. پاقىنىڭ «كور - كور» ساداسىدىن غەيرەتكە كەلگەن يىلان ھارۋىنى توسۇپ ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، جان - جەھلى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاپتۇ. ئەپسۇسكى، ھارۋا ھايت - ھۇيت دېگۈچە يىلاننى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پاقا بولسا بۇنى ئۇقماي ھەدەپ كوكىراۋېرىپتۇ.

ھەتتا بىر توپ قۇش كېلىپ ئۆلۈك يىلاننى يەپ، جەڭ مەيدانىنى قۇرۇقداپ قويغاندىمۇ، پاقا كوكىراشنى توختاتماپتۇ. پاقىنىڭ «كور - كور»ىدىن بىزار بولغان قۇشلار: «ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى سەت ئاڭلىنىدىكەن، ئۇنى تۇتۇپ يەۋېتەيلى!» دېيىشىپ، پاقىنىمۇ يەۋېتىپتۇ. قۇشلار پاقىغا ئۇرۇش

جىنايەتچىسى دېگەن گۇناھ ئارتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارلىق سادا ۋە شېئىر ـ قوشاقلارغا تەتۈر يول تۇتقۇچى جىنايەتچىلەر قاتارىغا قوشۇپتۇ.①

× × ×

ئادەم ھەرقاچان ھەقىقەت تەرەپتە، تەرەققىيات تەرەپتە تۇرۇشى كېرەك. دەۋرنىڭ ئېقىمىنى ئالقان بىلەن توسۇپ بولغىلى بولمايدۇ. تارىختىن بۇيان دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەتۈرىسىدىن چىقىپ ماڭغۇچىلار دەۋر چاقى تەرىپىدىن يانجىلىپ كېلىنىشتى. ئۇنىڭ گۇپپاڭچىلىرىمۇ شۇ يامان تەقدىردىن قۇتۇلۇپ قالالمىدى. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم يامانلارنىڭ گۇپپاڭچىلىقىنى قىلىشتىن ھەزەر قىلىشى، ياخشىلارنى قوللىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، گۇپپاڭچى پاقىغا ئوخشاش ھالاك بولىدىغان ئىش بولىدۇ.

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

# دېھقان، ئاق قۇشقاچ ۋە بوز تورغاي

— قۇرۇق گەپكە قورساق تويمايدۇ.
— خەلق ئىدىئومى

بىر كۈنى بىر دېھقان ئېتىزلىقتا بۇغداي ئورۇۋاتقانىكەن، بىر توپ قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ، ئەنجە ئۈستىگە قونۇپتۇ ـ دە، دېھقانغا:

— ھەي قەدىرلىك دېھقان، سەن بىزنى قان ـ تەرىڭ بىلەن باققان ئىدىڭ، بىز سېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدۇق! مانا ھازىر مۇشۇ ئالتۇندەك تومۇز كۈندە، دېھقانچىلىق راسا قاتىلاڭچىلىق بولىدىغان مۇشۇ پەيتتە، بىز ساڭا تەشەككۈر ئېيتقىلى كەلدۇق، بىز ساڭا بېغىشلاپ ناخشا ئېيتىمىز، بىز سېنىڭ دوستۇڭ بولىمىز، — دەپ ۋىچىرلاپ سايرىشىپ، بۇغداينى راسا يېگىلى تۇرۇپتۇ.

ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن دېھقان قۇشقاچلارنى چالما ئېتىپ قوغلاپتۇ.

— تۇفى! — دەپتۇ دېھقان غەزەپ بىلەن تىللاپ، — ھۇ بىزنى ئەزگەن ھارام تاماقلار، بىزنى رازىلىق بىلەن باقتىڭ، دېگىنىنى قاراڭ بۇ نىمىلەرنىڭ! ناخشا ـ قوشاققا دۆم چۈشمىدىم مەن. بىر كۈرە بۇغدايغا قۇشقاچ ئويۇنى كۆرۈش بېلىتى ئالىمەنمۇ تېخى؟ ماڭا سەنلەردەك دوستنىڭ كېرىكى يوق. سەندەك شائىرلار يېنىمغا يولىغۇچى بولۇشما!

قۇشقاچلار قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە بىر توپ بوز

تورغايلار ئۇچۇپ كېلىپ ئېتىزلىقتا چۇشۇپلا، ئېتىزدىكى ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەپ چۇشلۇك غىزالىنىپتۇ: ئۇ يەردىن بىر دانە سازاڭ قۇرت، بۇ يەردىن بىر تال چېكەتكە تۇتۇپ، ئۇچرىغىنىنى ئۇدۇللۇق يەپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار يېقىملىق، يېڭى - يېڭى ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇچقانسېرى ئېگىزلەپ، ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، كىشىلەرنى شاد قىپتۇ. دېھقانمۇ بېشىنى قىڭغايتقىنىچە ئاسمانغا قاراپ، بىردەم بېلىنى رۇسلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇمىسىنى داۋاملاشتۇرغاچ، شادلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— خەقلەرنىڭ بوز تورغاي پايدىلىق قۇش دېگىنى توغرىكەن، ئىسست، بىز ئۇلارنى باقماپتۇق. ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنى يوقىتىپ، بىزگە ناھايىتى زور مەنپەئەت يەتكۈزىدىكەن؛ كۆككە كۆتۈرۈلسە شۇ قەدەر ئېگىز، روھلۇق، خۇشال - خۇرام ھەم شۇ قەدەر لەرزان ئۇچىدىكەنكى، ماختاشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن، كۆرۈپ مەنمۇ قايىل بولدۇم. ئۇلارنىڭ ناخشىسى شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە ئۆزگىچە، گويا مۇشۇ سۈزۈك ئاسمان شۇلارنىڭ ناخشىسىدىن ھاسىل بولغاندەك! ئەنە شۇنداق شائىرلار خەلقىمىزگە ھەقىقىي دوست بولالايدۇ.①

× × ×

بۇ خەلقنىڭ ساداسى، ئەمەلدار ۋە شائىرلارغا قويغان تەلىپى. بۇنى زامانىمىزغا تەتبىقلاشقىمۇ بولىدۇ. ھازىر دېھقانلار، خىزمەت كۆرۈپپىسى، ياردەم بېرىش ئەترىتى دېگەنلەردىن بىزار بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلىپ بەرگەن ئىشىنىڭ تايىنى يوق، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق سالغىنى

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

سالغان ، دېھقاننى ئاق كۆڭۈل ، ساددا چاغلاپ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى يەپ ، سومكىلىرىغا ئالدۇ ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا دېھقان ئۇچۇن بەخت كەلتۇردۇق دەپ پو ئاتىدۇ . بەزى شائىرلار كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ، «دېھقانلارنىڭ بەختى» ... دېگەندەك شېئىرلارنى يېزىپ قۇرۇق مەدھىيىلەيدۇ .

دېھقانلارغا مۇنداق شەكىلۋازلىق ۋە مەدھىيىچى شائىرلار كېرەك ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدىغان كادىر ۋە شائىرلار كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارتىسى
www.uyghurkitap.com

# سوپسوپىياك ، گۈل ، يەر

— كۆرۈك توخۇ بەكرەك ۋالاقشىيدۇ .
— خەلق تەمسىلى

باھار كەپتۇ ، سوپسوپىياك كىچە ـ كۈندۈز توختىماي بەكمۇ چىرايلىق ۋە يېقىملىق سايراشقا باشلاپتۇ .

— سوپسوپىياك ، ساڭا ئاپىرىن ، گىبلىك قۇرۇپ قالمىدىمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ گۈل كۈلۈپ تۇرۇپ .

— ھەي گۈل ، — دەپتۇ سوپسوپىياك ، — سەن بىلمەيسەن ، مەن خۇشاللىقىمدىن سايرىسام ، كەتكەن باھار قايتىپ كېلىدۇ ، شائىرلار ناخشامنى ئاڭلىسا ، ئىلھامى ئۇرغۇپ تاشىدۇ ؛ دېھقانلار ناخشامنى ئاڭلىغاندا ، ھېرىش ـ چارچاشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ؛ سەنمۇ ناخشا سادايىم ئىچىدە ئېچىلىسەن ! شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ شۇ قەدەر چىرايلىق ناخشىنى ئېيتىش كېرەك ، راستىن ئېيتىش كېرەك ، پەقەت دۆتلەرلا جىمغۇر بولۇۋالىدۇ ، چۈنكى ، ئۇنىڭ ماختىنىشقا چۈشلۇق ھېچنېمىسى يوق .

— ئۇنداق ئەمەستۇ ؟ — دەپتۇ گۈل ، — مەن چىرايلىقمۇ ؟

— پاھ ، پاھ! سەن بولساڭ باھارنىڭ جېنى ـ دە ! — دەپتۇ ۋارقىراپ سوپسوپىياك ، — كىم سېنى چىرايلىق ئەمەسكەن دېيىشكە جۈرئەت قىلالىسۇن ؟

— بىراق ، سەن يىلتىزىم ئاستىدىكى يەرگە سەپ سالدىڭمۇ ؟ ئۇ بولمىسا ، مېنىڭ ئېچىلىشىم ئۇياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا ھايات كەچۈرۈشۈممۇ مۇمكىن بولمايدۇ . يەر — دۇنيادىكى ھاياتلىقنى

پەرۋىش قىلماقتا، ئۇ ئۇلۇغ بىر ئانا، ئۇ هامان جىمجىتلىق بىلەن ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۆزىنى ماختىمايدۇ ھەم باشقىلارنىڭ مەدھىيە ئوقۇشىنى ئۈمىدمۇ قىلمايدۇ، ئۇنداقتا يەرمۇ دۆتمۇ؟[①]

× × ×

بەزى ئادەملەر باركى، بىرەر ئىشنى قىلا - قىلمايلا بۇ دۇنيانى شۇلا چۆرۈۋېتەلەيدىغاندەك، شۇ بولمىسا يەر شارى ئايلانمايۋاتقاندەك ھېس قىلىشىدۇ. بەزىلەر بولسا، ئۇن - تىنسىز ئەلگە تۆھپە قوشۇپ ئىشلەۋېرىدۇ. بىراق، بەزى ھاللاردا قۇرۇق پوپاڭچىلارنىڭ شۆھرىتى يۇقىرىلاپ، ئۇن - تىنسىز ئىشلەۋاتقان ھەقىقىي تۆھپىكارلار تىلغا ئېلىنمايدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. بىراق، تۆھپىكارلار ئۇچۇن مەدھىيىنىڭ كېرىكى يوق. ئەپسۇسكى، پوپاڭچى بىلەن تۆھپىكارنى پەرق ئېتەلمەسلىك، پوپاڭچىلىققا ئالدانغانلىق ۋە شۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانلىق بولمامدۇ؟

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

# تۆمۈرنىڭ ھېكايىسى

— يات ئاتقان تاشنىڭ زەربىسىدىن ، ئۆزىنىڭ ئاتقان پاختىنىڭ ئازابى يامان بولىدۇ .

— ئۇيغۇر خەلق ھېكمەتلىرى

رىۋايەتلەردە ھېكايە قىلىنىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا تۆمۈر - تەسەك ، ئالتۇن - كۈمۈش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە گۆھەر پادىشاھ ئىكەن . بىر كۈنى ئالتۇن تۆمۈرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ پادىشاھ گۆھەرنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ :

— ئى كېرەملىك شاھىم! مەن بۈگۈن پۇقرايىڭىز تۆمۈرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم . تۆمۈرنىڭ گۇناھى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ چېكىدىن ئاشتى . تۆمۈرنىڭ بولسا ، قىممىتى يوق . پۇلى ئەرزان ، ئەمما غەلۋىسى كۆپ . ئۇ تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىغا چۈشكەندىن كېيىن قىپقىزىل چوغ بولۇپ ، بازغان بىلەن ئۇرغاندا گويا ئەجدىھادەك كۆيدۈرگۈچى شۆلگەيلىرىنى ئەتراپقا چېچىپ ، كىشىلەرنى كوچىدىن خاتىرجەم ئۆتكىلى قويمايدۇ ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تاراڭ - تۇرۇڭ نالە - پەريادلىرىدىن كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ كەتتى . بۆشۈكتىكى بوۋاقلارمۇ ئارامخۇدا ئۇخلىيالماي يىغلاپ چىقىدۇ . مېنىڭ بولسا ، قىممىتىم يۇقىرى ، ئەمما غەلۋەم يوق . بولقا تەگكەندە تۆمۈردەك قاقشاپ كەتمەيمەن . ھەرقانچە ئۇرسىمۇ «جىق - جىق» قىلغان ئاۋازلا چىقىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزمايمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىغلاشقۇ تۆمۈرنى جازالاپ

بەرگەيسىز، — دەپتۇ.

گۆھەر شاھ ئاڭلاپ، ئالتۇننىڭ ئەرزىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، تۆمۈرنى كەلتۈرۈپ سوراق قىپتۇ:

— ھەي تۆمۈر! سېنىڭ گۇناھىڭ چېكىدىن ئېشىپتۇ. سېنىڭ قىممىتىڭ ئەرزان، غەلۋەڭ جىقكەن، ئالتۇننىڭ قىممىتى يۇقىرى تۇرۇقلۇق غەلۋىسى يوقكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن سەن زىندانغا لايىق بولدۇڭ، سېنى جازاغا تارتىمەن.

تۆمۈر دەپتۇكى:

— ھەي ئادالەتلىك شاھ، تەتقىق قىلغايسىز. مەن گۇناھسىز دۇرمەن.

— نېمە دەلىلىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— مېنىڭ دەلىلىم شۇكى، — دەپتۇ تۆمۈر، — مېنىڭ باھايىمنىڭ ئەرزان، غەلۋەمنىڭ كۆپلۈكى راست، ئالتۇننىڭ قىممىتى يۇقىرى، غەلۋىسىنىڭ يوقلۇقىمۇ راست. ئەمما، ئالتۇن بىلەن مېنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئوخشىمايدۇ. ئالتۇننىڭ تېگىدە قويىدىغان سەندىلى چۆيۈن، بولقىسى تۆمۈر. شۇڭا، ئالتۇننى ھەرقانچە ئۇرسىمۇ، «ئېزىلىپ پارە بولۇپ كەتمىسۇن» دەپ ئانچە رەھىمسىزلىك قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەندەك قىينىلىپ كەتمىگەچكە كۆپ زارلىنىپ كەتمەيدۇ. مېنىڭ بولسا، ئاستىمغا قويىدىغانمۇ تۆمۈر، ئۈستۈمدىن ئۇرىدىغانمۇ تۆمۈر. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ سالغان ئازابلىرىغا چىدىيالماي قاقشاپ كېتىمەن، ئەگەر ئالتۇننىمۇ، ئالتۇن بىلەن ئۇرسىڭىز، ئۇمۇ پايلىماي جىرىڭلاپ كېتىدۇ. مېنىمۇ ئالتۇن ياكى باشقا مېتال بىلەن ئۇرسىڭىز ئۇنداق قاقشاپ كەتمەس ئىدىم. چۈنكى، ھەممىنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققىنىنىڭ ئازابى يامان ئىكەن. بۇنىڭغا ئادىل ھۆكۈم قىلغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

پادىشاھ تۆمۈرنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قاپتۇ.

× × ×

ئىبرەت بولسۇنكى، بىر گۇناھكار جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. ھۆكۈم بويىچە ھەممە ئادەمگە تاشبوران قىلدۇرۇپتۇ، كىشىلەر شۇنچە تاشلارنى ياغدۇرۇپتۇ، ۋاي دېمەپتۇ، بىراق سىڭلىسى مەجبۇرىي ھالدا بىر تۇتام پاختىنى ئاتقانىكەن، پاختا تەگكەندە مەھبۇس ۋايجانلاپ كېتىپتۇ. ئۆز يېقىنلىرىدىن كەلگەن ئازاب ئىنتايىن يامان.

# پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

— كىيگىلى ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بوۋى.
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

بۇنىڭدىن نۇرغۇن زامانلار بۇرۇن چىرايلىق يېڭى كىيىم دېسە جېنىنى بېرىدىغان بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ چىرايلىق كىيىمنىش ئۈچۈن قولىدىكى دەپنى - دۇنيانى ئايىمايدىكەن. ئۇ ھەربىي قوشۇنلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، ئويۇن كۆرۈشنىمۇ خالىمايدىكەن، يېڭى كىيىمنى ئەل - يۇرتقا كۆرسىتىمەن دېمىسە، ھارۋىسىغا چۈشۈپ باغ سەيلىسى قىلىشنىمۇ ھەۋەس قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ ھەممە ھەۋىسى كىيىمنى كۈنىگە، سائىتىگە بىر قۇردىن يېڭىلاپ تۇرۇشتا ئىكەن. پادىشاھ جانابلىرى تىلغا ئېلىنغاندا كىشىلەرنىڭ «ئۇ مەجلىسخانىدا» دېگىنىگە ئوخشاش، بۇ پادىشاھ تىلغا ئېلىنغاندا كىشىلەر ھامان «پادىشاھىئالەم كىيىمخانىسىدا» دېيىشىدىكەن.

پادىشاھ تۇرغان چوڭ شەھەردە تۇرمۇش باياشاد، كۆڭۈللۈك بولۇپ، چەت ئەللىكلەر ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئىككى ئالدامچى كەپتۇ. ئۇلار: بىز توقۇمىچىلارمىز، ئىنسان بالىسى ئويلاپ تاپالمايدىغان ئەڭ چىرايلىق رەختىنىڭ ھەرقاندىقىنى توقۇيالايمىز، بۇنداق رەختىنىڭ رەڭگى ۋە گۈلى ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق بولغانىنىڭ ئۈستىگە، بۇلاردىن تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ قابىلىيەتسىز ياكى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان ئالاھىدە خاسىيىتى بار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپتۇ .

«بۇ تازا كۆڭۈلدىكىدەك كىيىم ئىكەنغۇ! مەن بۇنداق كىيىم كىيىۋالسام ، پادىشاھلىقىمدا كىملەرنىڭ ئۆز خىزمىتىگە لايىق ئەمەسلىكىنى ؛ كىملەرنىڭ ئەقىللىق ، كىملەرنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدىكەنمەن . راست ، مەن ئۇلارغا بۇنداق رەختنى دەرھال توقۇپ بېرىشنى بۇيرۇتسام بولغۇدەك! » دېگەن ئويغا كەپتۇ پادىشاھ . شۇنداق قىلىپ ، ئىشقا تېزرەك كىرىشسۇن دەپ بۇ ئىككى ئالدامچىغا نۇرغۇن نەق پۇل بېرىپتۇ .

ئالدامچىلار ئىككى دەستىگاھ قۇرۇپ ، ئىشلەۋاتقان كىشىدەك بولۇۋاپتۇ ، بىراق دەستىگاھلىرىدا ھېچقانداق نەرسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ . ئۇلار ئەڭ ئىنچىكە يىپەك يىپ ۋە ساپ ئالتۇن بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىپتۇ . ئۇلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چۆنتەكلىرىگە سېلىپ بولغاندىن كېيىن ، ھېچقانداق يىپ تارتىلمىغان دەستىگاھ بىلەن تۈن يېرىمىغىچە ھەپىلىشىپتۇ .

«ئۇلار رەختنى قانداقراق توقۇۋاتىدىكىن ، شۇنىڭدىن خەۋەر ئالسام بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ . بىراق ، ئەخمەق ياكى خىزمەتكە يارامسىز كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇ رەختنىڭ كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى ھەقىقەتەن باشقىچە بوپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، ئىشنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتىشنى لايىق كۆرۈپتۇ . ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ كارامەت رەختلەرنى توقۇيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان پۈتكۈل شەھەر خەلقىمۇ ئۆز قوشنىلىرىنىڭ زادى قانچىلىك دۆت ياكى قانچىلىك ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئارزۇسىدا ئىكەن .

«توقۇمىچىلارنىڭ يېنىغا سادىق قېرى ۋەزىرىمنى ئەۋەتەي ،

رەختىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىلىدىغان كىشى بولماس ، چۈنكى ئۇ بەك ئەقىللىق ئادەم ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئاق كۆڭۈل قېرى ۋەزىر ھېلىقى ئىككى ئالدامچى تۇرغان ئۆيگە كەپتۇ . ئىككىيلەن قۇرۇق دەستىگاھتا قول - قوللىرىغا تەگمەي ئىشلەۋاتقانىكەن .

«خۇدايا تۇۋا! ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇغۇ كۆزۈمگە! » دەپ ئويلاپتۇ قېرى ۋەزىر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، لېكىن بۇ سۆزنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ .

ئالدامچىلار ۋەزىرگە ، يېقىنراق كېلىڭ دەپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭدىن گۈللىرى چىرايلىقمىكەن ، رەڭگى چىرايلىقمىكەن دەپ سوراپتۇ ئىككى قۇرۇق دەستىگاھنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ . بىچارە قېرى ۋەزىر شۇنچە قارىسىمۇ ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ ، ئەمەلىيەتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنگۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىكەن .

«ۋاي خۇدايىم! مەن ئەخمەقمەنمىدىمەن ؟ مەندە ئۇنداق ئوي ئەسلا بولمىغان ئىدىغۇ . مەن بۇنى ھەرقانداق ئادەمگە بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك . ئىشقا يارامسىزمەنمۇيا ؟ بولمىدى ، كۆزۈمگە بۇ رەختىنىڭ كۆرۈنمىگەنلىكىنى بىرسىگە ئىللا - بىللا دېمەيمەن» دېگەن ئويغا كەپتۇ ۋەزىر .

— خوش ، ھېچقانداق پىكىرلىرى يوقمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ رەخت توقۇۋاتقان توقۇمىچىلارنىڭ بىرى .

— ۋاي - ۋۇي ، بەك چىرايلىق بوپتۇ ، راست بەك ياخشى توقۇلۇپتۇ ، — قېرى ۋەزىر شۇنداق دەۋېتىپ كۆزەينىكىنىڭ تېگىدىن سىنجىلاپ قاراپتۇ ، — گۈللىرى نېمىدېگەن

چىرايلىق! رەڭگى ئىمىدىگەن پەيزى! راست ، ئېسىل توقۇلغان بۇ رەختتىن ئىنتايىن رازى بولغانلىقىمنى پادىشاھ جانابلىرىغا مەلۇم قىلىمەن .

— بۇ گەپلىرىدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇق ، — دەپتۇ ئىككى توقۇمىچى تەڭلا . ئاندىن ئۇلار بۇ رەختنىڭ رەڭگىنى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان گۈللىرىنى بىر قۇر تەرىپلىشىپتۇ ۋە بەزى ئاتالغۇلارنىمۇ تەسۋىرلىرىگە قوشۇپ قويۇپتۇ . پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئەينەن يادقا ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن ، قېرى ۋەزىر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپتۇ ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىپتۇ .

بۇ ئىككى ئالدامچى رەخت توقۇشقا ئېھتىياجلىق دەپ ، يەنە كۆپ پۇل ، يىپەك ۋە ئالتۇن ئاپتۇ . ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى چۆنتەكلىرىگە ساپتۇ ، بىر تال يىپنىمۇ دەستىگاھقا سالماپتۇ . بىراق ، ئۇلار قۇرۇق دەستىگاھتىكى ئىشلىرىنى يەنىلا توختاتماپتۇ .

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا پادىشاھ ئىشنىڭ ئەھۋالىنى ۋە رەختنىڭ قاچان توقۇلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشكە يەنە بىر سادىق ئەمەلدارىنى ئەۋەتىپتۇ . ئاۋۋالقى ۋەزىرگە ئوخشاشلا ، ئۇنىڭمۇ ئىشى ئوڭغا تارتماپتۇ : ئېرى - بېرى ئايلىنىپ شۇنچە قارىسىمۇ ، قۇرۇق دەستىگاھتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ ، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە چېلىقماپتۇ .

— ماۋۇ رەخت قانداقراق ئىكەن ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككى ئالدامچى . ئۇلار چىرايلىق گۈللەرنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈپتۇ ، — ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق نەرسە يوق ئىكەن .

«مەن ئەخمەق ئەمەس ئىدىمغۇ! ئېھتىمال بۇ ھازىرقى ئەمەلىمگە لايىق ئەمەسلىكىمدىن بولۇۋاتامدۇ يا ؟ بۇ قىزىق ئىشنى

كۆرۈك، لېكىن بۇنى ھېچكىم بىلىپ قالماسلىقى كېرەك! » دەپ ئويلاپتۇ ھېلىقى ئەمەلدار. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ كۆزىگە سايىسىمۇ كۆرۈنمىگەن رەختنى تازا ماختاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، توقۇمىچىلارغا رەختنىڭ چىرايلىق رەڭگى ۋە چىۋەرلىك بىلەن چۈشۈرۈلگەن گۈللىرىدىن بەك مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— راست، ئىنتايىن چىرايلىق توقۇلۇپتۇ، — دەپتۇ ئۇ پادىشاھقا.

بۇ چىرايلىق رەخت توغرۇلۇق شەھەردىكى ئەل - جامائەت ئارىسىدا گەپ - سۆزلەر تارقىلىپتۇ.

رەخت دەستىگاھتا چاغدىلا پادىشاھنىڭ رەختنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر توپ ئادەمنى ئالاھىدە تاللاپ بېكىتىپتۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە رەختنى كۆرۈپ كەلگەن ھېلىقى سادىق ئىككى ۋەزىرمۇ بار ئىكەن. ئاندىن ئۇلار ھېلىقى ئىككى ھىيلىگەر ئالدامچى تۇرغان يەرگە بېرىپتۇ. بۇ ئىككى ئەبلەخ پۈتۈن دىققىتى بىلەن رەخت توقۇۋاتقانىكەن، بىراق بىر تال يىپنىڭ فارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

— بۇ رەخت پۈزۈرمىكەن؟ ئالىيلىرى، قارىسىلا: گۈللىرى نېمىدېگەن چىرايلىق! رەڭگى نېمىدېگەن پەيزى! — دەپتۇ ئىككى سادىق ئەمەلدار قۇرۇق دەستىگاھنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ چوقۇم بۇ رەختلەرنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

«بۇ قانداق ئىش؟ مەن ھېچنېمىنى كۆرمىدىمغۇ! بۇ غەلىتە بىر ئىش بولدىغۇ. ئەجەبا مەن ئەخمەقمۇ؟ مېنىڭ پادىشاھ بولۇش لاياقىتىم يوقمۇ؟ بۇ مەن ئۇچراتقان ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش بولدى» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ.

— پاھ، ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئىكەن! — دەپتۇ

www.uyghurkitap.com

پادىشاھ ، — مەن بۈنىڭدىن يۈزدە - يۈز رازى بولدۇم!

شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھ بېشىنى لىڭشىتىپ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ . پادىشاھ دەستىگاھقا سىنچىلاپ قاراپتۇ ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسە كۆرمىگەنلىكىنى دېيىشنى خالىمىغانىكەن . پادىشاھنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئۇيان - بۇيان سىنچىلاپ قاراپ كېتىپتۇ ، بىراق ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ھېچنېمىنى كۆرەلمەپتۇ . ئۇلارمۇ پادىشاھقا ئوخشاش : «پاھ ، پاھ ، نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە! » دېيىشىپتۇ . ئۇلار پادىشاھقا بۇ يېڭى ، چىرايلىق رەخت بىلەن كىيىم تىكتۈرۈپ ، شۇ كىيىمنى كىيىپ ، ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان نامايىش مۇراسىمىگە قاتنىشىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتۇ . «بۇ رەخت ئېسىل ، نەپىس ، تەڭداشسىز ئىكەن! » دېيىشىپتۇ ھەممەيلەن بىر - بىرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ . ھەممەيلەن قاتتىق خۇشال بوپتۇ . پادىشاھ ئىككى ئالدامچىغا گېرتسوگ دېگەن ئۇنۋان ۋە تۆگمىسىگە قادىۋالغىلى بولىدىغان مېدال بېرىپتۇ ؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇلارغا «پادىشاھقا خاس توقۇمىچىلار» دېگەن نام بېرىپتۇ .

ئەتىسى ئەتىگەندە نامايىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بوپتۇ . ئەتە مۇراسىم بولىدۇ دېگەن كۈنى كېچىسى ئالدامچىلار پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمىنى پۈتتۈرىمىز دەپ تۈن بويى ئىشلىگەن بولۇۋېلىپ ، 16 دىن ئوشۇق شام يېقىپ ، تۈن بويى كىرىپىك قاقماي چىقىپتۇ . ئۇلار دەستىگاھتىن رەختنى ئالغان ، ئىككى چوڭ قايچا بىلەن كىيىم پىچقان ، يىپسىز يىڭنە بىلەن كىيىم تىككەن ھەرىكەتلەرنى قىپتۇ . ئاخىرىدا ئۇلار «مانا ، يېڭى كىيىم تەييار بولدى! » دەپتۇ تەڭلا .

پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب - ئېسىلزادە چەۋەندازلىرىنى باشلاپ كەپتۇ . ئىككى ئالدامچى خۇددى بىر قولىدا بىر نەرسە

باردەك، بىردىن قولىنى ئالدىغا سۇنۇپتۇ.

— قارىسىلا پادىشاھ ئاليىلىرى، مانا ماۋۇ شىم! ماۋۇ تون! ماۋۇ چاپان! — دەپتۇ ئۇلار، — ئۆمۈچۈكنىڭ توردەك يىنىك - يۇمشاق بۇ كىيىمنى كىيىۋالسىلا، ھېچنېمە كىيمىگەندەك بىلىنىدۇ، بۇ كىيىمنىڭ خاسىيىتى دەل شۇ.

— خۇدا ھەققىي راست ئېيتسىلەر، — دېيىشىپتۇ چەۋەندازلار. بىراق ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ، چۈنكى ھېچ نەرسە يوق ئىكەن.

— پادىشاھئالەم كىيىملىرىنى سالسىلا، — دەپتۇ ئىككى ئالدامچى، — يېڭى كىيىمنى مۇشۇ چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىدا كىيگۈزۈپ قويساق.

پادىشاھ ھەممە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپتۇ. ئىككى ئالدامچى بايا تىككەن يېڭى كىيىملىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ بەرگەندەك ھەرىكەتلەرنى قىپتۇ. ئۇلار بىر نېمىنى چىگىۋاتقاندەك بولۇپ پادىشاھنىڭ بېلى بىلەن خېلىغىچە ھەپىلىشىپتۇ: ئۇ ئارقا پەش ئىكەن. پادىشاھ ئەينەك ئالدىدا ئۇياق - بۇياقلىرىغا قاراپ، بېلىنى تولغاپ كۆرۈپتۇ.

— ۋاي تۇۋا، قۇيۇپ قويغاندەك دەل كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان! بەك ئېسىل تىكىلىپتۇ! — دەپتۇ ھەممەيلەن، — گۈلى نېمىدېگەن چىرايلىق! رەڭگى نېمىدېگەن پەيزى! بۇنداق ئېسىل كىيىم نەدە بولسۇن!

— ئەل - جامائەت پادىشاھىمىزنى كۈتۈپ قالدى، جانابلىرىنىڭ بېشىغا تۇتىدىغان گۈللۈك سايىۋەنمۇ ھازىر بولدى! — دەپتۇ مۇراسىم بېگى.

— بولىدۇ! مەن كىيىنىپ بولدۇم، بۇ كىيىم يارىشىپتىمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ يەنە ئەينەك ئالدىدا ئۇيان - بۇيان

بۇرۇلۇپ قاراپ ، ئۇ ئەل - جامائەت : پادىشاھىمىز چىرايلىق يېڭى كىيىمگە زەن سېلىپ قاراۋاتىدۇ دەپ ئويلىسۇن ، دېگەن ئويدا ئىكەن .

پادىشاھنىڭ ئارقا پېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ۋەزىرلەر شۇ پەشنى كۆتۈرۈپ ماڭغان قىياپەتتە قۇرۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پادىشاھنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ . ئۇلار ھېچ نەرسە كۆرمىگەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن .

شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھ بۇ ھەشەمەتلىك گۈللۈك سايىۋەن ئاستىدا نامايىشقا چىقىپتۇ . كوچىلاردا ۋە دېرىزىلەردە قاراپ تۇرغانلار :

— پاھ ، پاھ ! پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن ! كىيىمنىڭ ئارقا پېشى بەكمۇ چىرايلىق بوپتۇ ! بۇ كىيىم ئۇنىڭغا بەكمۇ يارىشىپتۇ ! — دېيىشىپتۇ . ھېچكىم ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسە كۆرمىگەنلىكىنى بىلدۈرمەپتۇ ، چۈنكى بىلىنىپ قالسا ، باشقىلارنىڭ خىزمەتكە يارامسىز ياكى ئەخمەق دېيىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن . پادىشاھنىڭ ھەممە كىيىملىرى ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك ماختاشقا سازاۋەر بولمىغانىكەن .

— پادىشاھىم ھېچقانداق كىيىم كىيمەپتۇغۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ ئاخىرىدا بىر بالا .

— تەڭرىم ، بۇ نېمىدېگەن گۆدەكلىك ! — دەپتۇ بالىنىڭ دادىسى . شۇنداق قىلىپ ، ھەممەيلەن بۇ بالىنىڭ گېپىنى كۇسۇلدىشىپ تارقىتىشقا باشلاپتۇ .

— پادىشاھ ھېچقانداق كىيىم كىيمەپتۇ ! پادىشاھنىڭ كىيىم كىيمىگەنلىكىنى بىر كىچىك بالا دەۋېتىپتۇ !

— پادىشاھ راستتىنلا ھېچ نەرسە كىيمىگەن ! — دېيىشىپتۇ ئاخىر ھەممە پۇقرا . پادىشاھنى سەل سۇر بېسىپتۇ ، چۈنكى بۇ ئەل - جامائەتنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا توغرىدەك تۇيۇلۇپتۇ . «ھەرقانداق بولسىمۇ بۇ نامايىش مۇراسىمى ئاياغلاشسۇن - دە» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ ئىچىدە . شۇڭا ئۇ تېخىمۇ مەغرۇرانە قىياپەتكە كىرىپتۇ . ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىمۇ زادىلا مەۋجۇت ئەمەس ئارقا پەشنى كۆتۈرگەن پېتى ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ .

× × ×

بۇ چۆچەكتىن رېئال تۇرمۇشىمىزدا ھەرقاچان ئۇچراپ تۇرىدىغان سۇرەتلەرنى كۆرىمىز .

زادى كىم ئەخمەق ؟ ئەخمەق پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەخمەق . ئۇلار شۇنچىلىك سەممىيەتسىزكى ، يوق نەرسىنى يوق ، بار نەرسىنى بار دەپ ئېتىراپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ ھاماقەت ۋە دۆت ئىكەنلىكىنى قانچىلىك يوشۇرمىسۇن ، يوشۇرغىنىچە ئۆزىنىڭ ئەخمەق ، دۆتلىكىنى تېخىمۇ ئاشكارا قىلىپ قويىدۇ . ئۇلار خۇددى «ساقاللىق ئەخمەق»تەك ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى خەلققە نامايىش قىلىدۇ .

بىر ئادەم چىراغ يورۇقىدا كىتاب مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى . ئۇ بىردىنلا كىتاب قۇرلىرىدىن «ساقالنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ساقال ئىگىسىنىڭ ئەخمەقلىقىغە دەلىلدۇر» دېگەنلەرنى كۆرۈپتۇ . ئۆزىنىڭ ساقىلىنى تۇتاملاپ كۆرسە ، ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەخمەق ئاتىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ، ساقىلىنى مەھكەم تۇتاملىغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە : «مۇشۇ تۇتامدىن ئارتۇقىنى چىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈرۈپ ، تۇتامدا قالغىنىنى ئېلىپ

قالسام ماڭا كۈپايە» دەپتۇ ـ دە ، ساقىلىنى چىراغقا تۇتۇپتۇ . ئۇنىڭ ساقىلى تامامەن كۆيۈپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلاپتۇ .

يۇقىرىقى چۆچەك يەنە بىزگە ئەسلىي ماھىيەتنى يوشۇرۇپ ساختا قىياپەت بىلەن مەيدانغا چىقىدىغان ، قۇلچىلىق ۋە تەمە بىلەن ساختىلىقى ، يالغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ ، ئۇستىدىكىلەر كۈندۈزدە ئاسماندا يۇلتۇز كۆردۈم دېسە ، تۆۋەندىكىلەر يەنە ئايمۇ تۇرىدۇ دەپ ، بىر يالغاننى مىڭ يالغان قىلىپ ، خەلقنى ئالدايدىغان كاززاپلىقىمۇ ئىبرەت بولىدۇ .

# پەلەكنىڭ چۆرگىلىشى

— ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق ، ئون بەشى قاراڭغۇ .
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

بىر كەمبەغەل چىرايى سەت بىر باينىڭ ئالدىغا بېرىپ يوقسۇللۇقىدىن هال ئېيتىپ ياردەم تىلەپتۇ .

ئۇ كۆڭلى قارا باي بىچارە كەمبەغەلگە ئاز بولسىمۇ پۇل بەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئۇنى يوقال دەپ قوغلاپتۇ .

كەمبەغەل ئۇنىڭ قىلغان هاقارىتىنى شۇنچىلىك هار ئاپتۇكى ، يۈرىكىگە قان تولۇپتۇ ۋە خاپىلىقىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دەپتۇ :

— هەيرانمەن ، مەن بولسام كەمبەغەل ، تەرىمنى تۇرسەم ئورۇنلۇق . لېكىن ، ئۇ نېمىگە تەرىنى تۇرىدىغاندۇ ؟ بىر كۈنى ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇنداق كەمبەغەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىدىن قورقمامدىغاندۇ ؟

باي مالىيغا :

— بۇ ئەبلەخنى هاقارەتلەپ دەرۋازىدىن قوغلاپ چىقار ! — دەپتۇ .

بۇ باي هەقتائالاغا شۈكۈر قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلىرى تەتۈرىگە مېڭىپ بايلىقىدىن ئەسەر قالماپتۇ . ئۇمىد يۇلتۇزى قەلىمىنى قارا سىياهقا چىلاپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە قاراپ بەختىنى يېزىپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇ سويۇلغان پىيازدەك يالىڭاچ قاپتۇ . نە مېلى قالماپتۇ ، نە جېنى ... تەقدىر ئۇنىڭ بېشىغا نامراتلىق

www.uyghurkitap.com

توپىسىنى چېچىپتۇ . يانچۇقى تۆشۈك ، قاچىسى قۇرۇق قاپتۇ . قاقسەنەم قىزىل كۆزنىڭ ئۆزى بوپتۇ . ئۇنىڭ ھالى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ ، زادى تونۇغىلى بولمىغۇدەك بولۇپ قاپتۇ . بىر مەزگىل مۇشۇنداق ياشىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ مالىيىنى بىر ئادەم سېتىۋاپتۇ . ئۇ ھەم مەرد ، ھەم روھى باي ۋە پاك ئەخلاقلىق كىشى ئىكەن . ھېلىقى باي پۇل - دۇنيا ، مال - مۈلۈككە قانچىلىك ھېرىسمەن بولسا ، بۇ مەرد يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ، ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا شۇنچە ھېرىسمەن ئىكەن .

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بۇ مەردنىڭ دەرۋازىسىنى بىر تىلەمچى قېقىپتۇ . يوقسۇللۇقتىن قولى تۇتماس ، پۇتى باسماس بولۇپ قالغان بىر نامرات ئىكەن .

مەرد مالىيىغا :

— ئۇ بىچارىنى رازى قىل ، نېمە تەلەپ قىلسا بەر ، — دەپتۇ .

مالاي داستىخاندىن بىر تاۋاق ئاش ئېلىپ تىلەمچىگە بېرىپتۇ - دە ، بىردىنلا پەرياد قىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ . ئۇ قايغۇلۇق ۋە پەرىشان ھالدا قايتىپ كىرگىنىدە مەرد ئۇنىڭدىن :

— نېمە بولدۇڭ ، نېمىگە كۆز يېشى قىلدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

بۇ تىلەمچى ئۆز ۋاقتىدا باي ئىدى ۋە مېنىڭ خوجايىنىم ئىدى . بۇ بەختسىز بوۋاينىڭ ھالى مېنى پەرىشان قىلىۋەتتى . يۈرىكىم پارە - پارە بولدى . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا كاتتا بايلىق ئىگىسى ئىدى ... بۈگۈن بولسا ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئالىقان ئېچىپ يۈرۈپتۇ ، — دەپتۇ مالاي .

مەرد ئادەم ئاچچىق كۈلۈپ مۇنداق دەپتۇ :

— يىغلىما بالام ، زامان ھېچكىمگە زۇلۇم سالمايدۇ . بۇ ھېلىقى كەمبەغەللەرگە تەرىنى تۇرۇپ كۆزۈمدىن يوقال ، جەھەننەمگە كىرگەيسەن دەپ ھاقارەتلەپ مالىيىغا قوغلاتقان سودىگەر ئەمەسمۇ ؟ خۇداغا ئامانەت ، ئۇ ئاللاغىمۇ تەرىنى تۇرەتتى . ئۆز ۋاقتىدا مېنىمۇ ھاقارەتلەپ قوغلاتقانىدى ، ئاللا ماڭا ياردەم قىلدى . مېنى ئۇنىڭ ئورنىغا ، ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمغا قويدى .①

× × ×

ئاللانىڭ ھېكمىتى مانا شۇنداق . بىر ئىشىكنى تاقىسا ، ئۇلۇغلۇقى بىلەن يەنە بىر ئىشىكنى ئاچىدۇ .

قانچىلىغان يوقسۇل باي بولدى ، قانچە باينىڭ ئىشلىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولدى .

قەلبى پەرىشان بولغانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى بۇ پەرىشانلىقتىن قۇتقۇزغىنكى ، پەلەكمۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى پەرىشان قىلمىسۇن .

پاك نىيەتلىك فىردەۋسى نېمىدېگەن ياخشى ئېيتقان :

يەم توشۇغان چۈمۈلىگە ئازار بەرمە ، ئۇنىڭغىمۇ جان تاتلىق .
كۆڭلى قارا ۋە باغرى تاش بولما ، چۈمۈلىنىڭمۇ دىلىنى ئاغرىتما .

كۆچلۈك قولۇڭ بىلەن ئاجىزنىڭ بېشىغا ئۇرما ، بىر كۈنى چۈشۈپ قالىسەن چۈمۈلىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئايىغىغا ، پەرۋانە شامغا ئاشىق بولسىمۇ ، قىلمىدى شام ئۇنىڭغا ۋاپا .

ساڭا كۆچى يەتمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار دەپ پەرەز قىلايلى ، لېكىن بىلىپ قويغىنكى ، سەندىن كۆچلۈكلەرمۇ كۆپتۇر .

---

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشر قىلغان سەئدى «بوستان»دىن ئېلىندى .

سەن بۇگۇن ئەمر بەرگەن كىشى ئەتە ساڭا ئەمر بېرىدىغان ئورۇنغا چىقىشى مۇمكىن .

يۇقىرى مەرتىۋىدە بولغان مەزگىلىــــڭدە يوقسۇللارغا ۋە خەلققە زومىگەرلىك قىلما . چۈنكى ، شاھماتتا ۋەزىر بولغان پىشكىغا ئوخشاش ، يوقسۇللارنىڭمۇ مەرتىۋىلىك ۋە مەنسەپدار بولغانلىقى كۆرۈلگەن .

قانچىلىغان باي ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك كىشىلەرنىڭ كېيىنكى چاغلاردا موھتاجلىقتا چۈشكەنلىكى ۋە قانچىلىغان ئاجىزلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا تەلىيى كەلگەنلىكى كۆرۈلگەن .

# ھېرىس مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى

— ئۆزىنىڭ تېرىق زاغرىسى باشقىلارنىڭ مىننەتلىك پولۇسىدىن ياخشى .

— خاتىرەمدىن

قەدىمكى زاماندا بىر كەمپىر بولۇپ ، ھالى ناھايىتى خاراب ئىكەن . ئۇنىڭ جاھىللارنىڭ كۆڭلىدىنمۇ تار ۋە بېخىللارنىڭ گۆرىدىنمۇ قاراڭغۇ بىرلا كۆلبىسى بار ئىكەن . ئۇنىڭ يەنە بىر مۈشۈكى بار بولۇپ ، ھەرگىز نان يۈزىنى خىيال ئەينىكىدە كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئۆمرىدە پەقەت تۆشۈكتىن چاشقان پۇرىقىنى پۇراش ۋە تۇپراق تەختىسىدە چاشقان ئىزىنى كۆرۈش بىلەنلا قانائەتلىنىدىكەن . ئەگەر بەخت - سائادىتى يار بولۇپ بىرەر چاشقان ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ، خۇددى بىر گاداي زەر خەزىنىسى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ ، كۆڭلى يايراپ ، رۇخسارى خۇددى چىراغدەك نۇرلىنىپ ، شادلىق شارابى ئىچكەندەك بولۇپ ، چەككەن غەملىرىنىڭ تەشنالىقى قاندىكەن ۋە تاكى بىر ھەپتىگىچە شۇ غىزا بىلەن ئۆمۈر كەچۈرىدىكەن .

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كەمپىرنىڭ ئۆيىدىكى قەھەتچىلىكتە ياشايدىغان بۇ مۈشۈك ناھايىتى ئورۇق ۋە ئاجىز بولغاچقا ، يىراقتىن بىر كىم قارىسا بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا كۆرۈنىدىكەن . بىر كۈنى ئۇ مۈشۈك ئاچلىقتىن ناھايىتى بىتاقەت بولۇپ ، مىڭ مۈشەققەت بىلەن ئۆگزىگە چىقىپتۇ . قوشنىسىنىڭ ئۆگزىسىدە بىر مۈشۈك مېڭىپ كېلىۋاتقانىكەن . ئۇ مۈشۈك ناھايىتى يوغان ۋە سېمىزلىكتىن ئاستا ماڭىدىكەن ۋە شىرغا

ئوخشاش قەدىمىنى ساناپ دەسسەپ كېلىۋاتقانىكەن. كەمپىرنىڭ مۇشۇكى ئۆز جىنسىدىكىلەردىن ئۇنداق پاكىز ۋە كۆچلۈك مۇشۇكنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، پەرياد چېكىپتۇ ۋە:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن بۇرادەر، بۇنداق لاتاپەت بىلەن مېڭىشىڭغا قارىغاندا چىن پادىشاھنىڭ زىياپەتخانىسىدىن كېلىۋاتامسەن نېمە؟ بۇنداق پاكىزە چىرايلىق يۇرۇشۇڭ ۋە بۇنداق شانۇ - شەۋكىتىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن پادىشاھنىڭ نېنىنى يەيدىغىنى، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە ھازىر بولىمەن - دە، نازۇ - نېمەت زىياپەتلىرىنىڭ داستىخىنىنى يايغان چاغدا، جۇرئەت بىلەن بېرىپ سېمىز گۆش ۋە پارچە نانلاردىن ئېلىپ قاچىمەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كۈن كەچكىچە راھەت بىلەن كۈن كەچۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قوشنىسىنىڭ مۇشۇكى.

— سېمىز گۆش دېگەن قانداق نەرسە؟ پارچە نان قانداق بولىدۇ؟ مەن ئۆمرۈمدە كەمپىرنىڭ يۇندىسى ۋە چاشقان گۆشىدىن باشقا نەرسىنى كۆرگىنىم يوق، — دەپتۇ كەمپىرنىڭ مۇشۇكى.

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۈمۈچۈكتەك ئورۇقلاپ كېتىپتىكەنسەن - دە! — دەپ كۈلۈپتۇ قوشنىسىنىڭ مۇشۇكى، — مۇشۇ تەلەتىڭ بىلەن تالاغا چىقىدىغان بولساڭ، ھەممە مۇشۇكلەر سەندىن نومۇس قىلىشىدۇ.

سەن پادىشاھنىڭ بارگاھىنى كۆرسەڭ ۋە شۇنداق لەززەتلىك ھەم ئېسىل غىزالارنى يوراپ باقساڭ، خۇددى كونا ئۆلۈك تىرىلگەندەك بولۇپ، قوۋۇرغىلىرىڭغا گۆش قونۇپ، يېڭىدىن ھاياتقا ئېرىشەلىشىڭ مۇمكىن.

كەمپىرنىڭ مۇشۇكى يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ھەي بۇرادەر! مېنىڭ سەندە قوشنىدارچىلىق ھەققىم

بار، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىككىمىز بىر جىنىستىن، شۇڭا مۇرۇۋۋەت قىلىپ، بۇ قېتىم بېرىشىڭدا مېنىمۇ ئالغاچ بارساڭ، سېنىڭ شاراپىتىڭ بىلەن ئاشۇ چوڭ سورۇنغا بېرىپ، سۆھبىتىڭ بەركىتىدىن كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالسا نېمە بولىدۇ؟

قوشنىسىنىڭ مۇشۇكى ئۇنىڭ بۇ نالە - زارىنى ئاڭلاپ، مېھرى ئوتىدىن كۆڭلى ئېرىپتۇ، شۇڭا «بۇ قېتىم بېرىشىمدا چوقۇم سېنى ئېلىپ بارىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپتۇ. كەمپىرنىڭ مۇشۇكى ئۇنىڭ ۋەدىسىدىن كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ، قوشنا مۇشۇكنىڭ دېگەنلىرىنى كەمپىرگە بايان قىلغانىكەن، كەمپىر نەسىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ھەي مېھرىبان دوستۇم، دۇنيا ئەھلىنىڭ سۆزىگە ئالدانمىغىن، قانائەت ئۆيىدىن ۋاز كەچمىگىن، ھېرىس قاچىسى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ. تەمە ۋە تىلەك كۆزىنى پانا يىگىنىسى ۋە ئەجەل يىپىدىن باشقا نەرسە بىلەن تىككىلى بولمايدۇ.

ئەمما، مىسكىن مۇشۇكنىڭ بېشىغا پادىشاھنىڭ نازۇ - نېمەتلىرىنىڭ سەۋداسى چۈشكەچكە، نەسىھەت دورىسى ئۇنىڭغا پايدا بەرمەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى كەمپىرنىڭ مۇشۇكى قوشنا مۇشۇكنىڭ ياردىمى بىلەن يىقىلىپ قوپۇپ يۈرۈپ، ئۆزىنى پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا ئاران يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن بۇ بىچارە ئۇ يەرگە بارغۇچە «ھېرىس بولساڭ مەھرۇم قالىسەن»نىڭ ئەجدىھاسى ئۇنى يۇتۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغانىكەن ۋە زەئىپ تەلىيى مەھرۇملۇق سۈيىنى ئۇنىڭ خام تەمەسىنىڭ ئوتىغا چېچىپ بولغانىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۆتكەن كۈنى بىر توپ مۇشۇكلەر مېھمانخانا ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىپ، گۆش ۋە نان قەستىدە بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلۋە چىقارغانىكەن.

ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن مېھمان ۋە ساھىبخانلار ھەممىسى مالال ۋە بىئارام بولغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن، پادىشاھ مەرگەنلەرگە، ئوقيا تەييارلاپ بىر بۇلۇڭدا مۆكۈپ ئولتۇرۇپ؛ قايسى مۈشۈك بىھايالىق قالقىنىنى يۈزىگە تۇتۇپ جۈرئەت مەيدانىغا كىرىپ، لوقمىغا قول ئۇزارتسا ئۇنىڭغا ئوق يىدۇرۇشنى بۇيرۇغانىكەن. كەمپىرنىڭ مۈشۈكى بۇ ئىشتىن بىخەۋەر، تائام پۇرىقىنى پۇراپتۇ - دە، گۆش بىلەن نان ئالماقنىڭ قەستىدە داستىخانغا خۇددى لاچىندەك ئۆزىنى ئېتىپتۇ. تېخى ئىشتىھا تارازىسىنىڭ تەخسىلىرىگە لوقما تارتىلماي تۇرۇپ، يۈرەكنى يارغۇچى ئوق ئۇنىڭ كۆكسىگە كېلىپ تېگىپتۇ.[1]

× × ×

ئادەم ئۆزىنىڭ چامى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشى، ئۆزىنىڭ رىزقىغا شۈكرى قىلىپ، ئۆزى تاپقان، ئۆزىگە ئاراملىق بەرگەن يولدىن يانماسلىقى كېرەك. ئۆزىنىڭ يولىدىن يېنىپ باشقىلارنىڭ يولىنى تۇتۇشنى ئويلىغان ئادەم پېشكەللىكتىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئادەمنى ھېرىسلىق كۆپىنچە يامان ئويلارغا سالىدۇ. يامان يولدىن كەلگەن لوقما ئادەمگە ئازاردىن باشقىنى بەرمەيدۇ، بايلارنىڭ داستىخىنىغا كۆز قىزارتما، ئۇنىڭ تەمەسىدە بولما، ئۆزۈڭنىڭ ھالال مېھنىتىڭدىن كەلگەن زاغرا، بايلارنىڭ مىننەتلىك لوقمىسىدىن بەك شېرىن بولىدۇ. ئۆزىگە تايانغان ئادەم خارلىق كۆرمەيدۇ. بىر لوقما ئۈچۈن ئۆزۈڭنى خارلاشقا ئەرزىمدۇ؟

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان «كەلىلە ۋە دىمنە»دىن ئېلىندى.

# پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقى نېمە ئۈچۈن قىزىل بولۇپ قالغان؟

— قەلبىڭ قارا بولسا ، ئاخىر يۈزۈڭگىمۇ قارا سۈرتۈپ سازايى قىلىدۇ .

— خاتىرەمدىن

پاتمىچۇق ئەسلىدە گۈزەل قىز ئىكەنمىش . ئۇنىڭ ئىسمى پاتمىخان بولۇپ ، غۇنچە بوي ، مەڭزى قىزىل ئالمىدەك ، كۆزلىرى بۇلاقتەك چىرايلىق ئىكەن . بىراق ، قىلىقى ناھايىتى سەت ئىكەن . نەپسى يامان بولۇپ ، كۆرۈنگەننى يەيدىكەن . ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئوغرىلايدىكەن . ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا گەپ يېدۈرەلمەي بەكمۇ ئازابلىنىدىكەن . ئۇنىڭدىن قولۇم - قوشنىلارمۇ بىزار ئىكەن .

كۈنلەر ئۆتۈپ ، پاتمىخان ھۆسنىگە تولۇپ چوڭ بولۇپتۇ . مەھەللىدىكى ياشلار ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىغا ھەۋەسلىنىپ ، ئۇنى ئۆزىگە جورا قىلىۋېلىشنى ئويلايدىكەنۇ ، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ تېزلا يالتىيىدىكەن . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆز يۇرتىدىن لايىق چىقماپتۇ . يىللار ئۆتۈپ يىراق بىر شەھەردىن كەلگەن بىر سودىگەرنىڭ ئوغلى بۇ قىز بىلەن توي قىلىپ ، ئۆز شەھىرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ . قېينانىسى كېلىنىنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ . پاتمىخان بىر مەزگىل چاندۇرماي يۈرگەن بولسىمۇ ، بىراق «ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقۇچە» دېگەندەك ، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى ئاستا - ئاستا يەنە چىقىشقا باشلاپتۇ .

پاتمىخان قېينانىسى يوق چاغدا ئۆيىدىكى كۆرۈنگەنلا نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ ، ئۆيىگە توشۇيدىكەن . قېينانىسى ئۇنىڭغا

www.uygurkitap.com

ھەرقانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ زادىلا ئاڭلىماپتۇ. ئۆيمىدىكىلەرنى بەكمۇ قاقشىتىپتۇ. ئاخىر قىپىنانىسى چىدىماي ئۇنى قارغاپتۇ ۋە خۇدادىن ئۇنى جازالاشنى تەلەپ قىپتۇ.

بىر كۈنى پاتىمىخان ئۇيپا - ئەڭلىك ۋە كىيىم - كېچەكلەر ئورالغان بوغچۇمىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئوغرىلاپ ماڭغاندا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇشتۇمتۇت قىزىل قولتۇقلۇق كىچىككىنە ھاشارات پاتمىچۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ. پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقىدىكى قىزىل ئاشۇ چاغدا ئوغرىلىغان بوغچىمىسى ئىكەن①.

× × ×

بۇ بىر ئەپسانە بولسىمۇ، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يۇقىرى بىر ئىبرەتنامىدۇر. ئادەمدىكى گۈزەللىك ئىككى تەرەپتىن باھالىنىدۇ. ئالدى بىلەن قەلبى ۋە پەزىلىتىنىڭ گۈزەللىكى، يەنە بىرى ھۆسنى گۈزەللىكى. ھۆسنى گۈزەللىكى پەقەت قەلىب ۋە پەزىلىتىنىڭ گۈزەللىكى ئارقىلىقلا تېخىمۇ يارقىنلىشىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولسا ئادىمىيلىك گۈزەللىكنى يوقاتقان ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئەپسانە پاتمىخاندەك پەزىلەتسىز، ئەخلاقسىز قىزلارغا قىلىنغان كىنايە بولۇپ، ئۇنداق ئادەم ھەرقانداق جايدا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئەڭ سەت كۆرۈنىدۇ. قىزلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆزىدە گۈزەل پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى، ھەرقانداق بىر ئائىلىگە بارغاندا ئۆزىنىڭ ئەخلاقى - پەزىلىتى بىلەن ئۇ ئۆيگە ھۆسن قوشۇشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ ئۆزىگە بەرىكەت، ئامەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي پاتمىخاندەك يامان ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋالسا، بارغان ئائىلىگە ئاپەت ئېلىپ كېلىپلا قالماي، ئۆزىمۇ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ.

---

① «بۇلاق» 1990 - يىلى 33 - سان، ئەخمەت ھاشىم نەشرگە تەييارلىغان.

# بوز تورغاينىڭ ئۇۋىسى نېمە ئۈچۈن ئېتىزلىقتا بولۇپ قالغان؟

— ياخشىلىق قىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە، يامانلىق قىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە قىلىسەن.

— خەلق ھېكمىتى

بۇرۇنقى زاماندا قۇشلارنىڭ مۇقىم ماكانى يوق ئىكەن. ئۇلار نەگە ئۇچۇپ بارسا شۇ يەردە ئۇۋا تۇتۇپ تارقاق ياشايدىكەن. كېيىن قۇشلارنىڭ پادىشاھى: «بارلىق قۇشلار يىغىلسۇن، ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق يەردىن ئۇۋا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بەلگىلەنگەن كۈنى ھەممە قۇشلار تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىش ئورنىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بوز تورغاي بىرمۇنچە قۇش بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپ، يولدا بىر دېھقاننىڭ كالا هارۋىسى بىلەن ئېتىزغا ئوغۇت توشۇۋاتقانلىقىنى، كالىنىڭ بىر دۆڭدە هارۋىنى تارتالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، دوستلىرىغا قاراپ:

— ئاغىنىلەر يۇرۇڭلار، ھەممەيلەن بېرىپ، ئاۋۇ دېھقاننىڭ هارۋىسىنى ئىتتىرىشىپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

— بۈگۈن بىزگە ئۇۋا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان تۇرسا، دېھقانغا ياردەملىشىمىز دەپ يۈرسەك كېچىكىپ قالىمىز ئەمەسمۇ؟ — دەپ باشقا قۇشلار ئۇنۇماپتۇ. بوز تورغاي:

— ئۇنداق بولسا، سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار. مەن ياردەملىشىپ بېرەي، ئارقاڭلاردىن بارارمەن، — دەپتۇ ۋە شۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەردە قاپتۇ .

ئۇ كىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن هارۋىنى ئىتتىرىپتۇ ۋە «هە ـ هۇ» دەپ دېهقانغا ئىلهام بېرىپتۇ . هارۋا دۆڭگە چىقىپ كېتىپتۇ . بوز تورغايمۇ دېهقان بىلەن بىللە ئېتىزلىققا كەپتۇ . ئۇ : «ياردەم قىلغاندىكىن ئاخىرغىچە قىلاي» دەپ ئويلاپ ، دېهقانغا ياردەملىشىپ يەرگە ئوغۇت چېچىشىپ بېرىپتۇ ، دېهقان ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولۇپ كېتىپتۇ . بوزتورغاي ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتۇ ـ دە ، يىغىلىش ئورنىغا بارالماپتۇ . كۈنمۇ كەچ بولۇپ قاپتۇ . ئۇ «ئەمدى بارايمۇ ـ بارمايمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇشىغا ئۈزۈم تەقسىم قىلىۋالغان قۇشلارمۇ قايتىپ كېلىشىپ ، ئۈزۈمنى تەقسىم قىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ . دېهقاننىڭ بوز تورغايغا ئىچى ئاغرىپ :

— ماڭا ياردەم قىلىمەن دەپ ئۈزۈمسىز قاپسەن ، ئەمدى قانداق قىلىسەن ؟ — دەپتۇ .

— هېچ ۋەقەسى يوق ئاكا ، «جان بولسا جاهان ـ ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن ، ئالەمنىڭ قوينى كەڭ . خاتىرجەم بولۇڭ ، ماڭىمۇ بىر يەردىن جەزمەن ئۈزۈم تېپىلىدۇ ، — دەپتۇ بوز تورغاي قىلچە كۆڭلىنى يېرىم قىلماي .

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى ، — دەپتۇ دېهقان بوز تورغايغا ، — سەن كىشىنىڭ هالىغا يېتىدىغان ، ئاق كۆڭۈل ، ئىشچان قۇش ئىكەنسەن ، مېنىڭ مۇشۇ بوغدايلىقىمدا ئۈزۈم تۈتۈپ ماكانلىشىپ قالغىن . بۇ يەردە سەن يەيدىغان قۇرت ـ قوڭغۇز كۆپ ، ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقلىرى ، تۆكۈلگەن بۇغداي دانلىرىمۇ بار . قانچە يېسەڭمۇ يېتىدۇ . بىر ـ بىرىمىزگە هەمدەم بولۇپ بىللە ياشايلى .

بوز تورغاي دېھقانىنىڭ تەكلىپىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئېتىزلىقنى ماكان قىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئېتىزلىقتا تۇخۇم چىقىرىپ، باللىرىنى چوڭ قىلىدىغان ۋە دېھقانغا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن دائىم ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان بولۇپتۇ. ھازىرمۇ شۇنداق قىلىپ كېتىۋېتىپتۇ①.

× × ×

ياخشىلىققا ياخشىلىق دېگەن مانا شۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىلا ئويلىسا، باشقىلارنىڭ ئۆلە - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىسا بۇ جەمئىيەتتە يالغۇز قالىدۇ. سەن باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭ يامانلىق يانىدۇ، ياخشىلىق قىلساڭ ياخشىلىق يانىدۇ. [ياخشىلىق قىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە قىلىسەن، يامانلىق قىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە قىلىسەن» دېگەن شۇ.

بوز تورغاي باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ياردەم بېرىشنى ئەلا بىلىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەل ئارىسىدا قەدىرلىنىپ كەلگەن. شۇڭا، بوز تورغاي مول نېمەت بار بۇغدايلىققا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرغا قەدەر زىيانلىق ھاشاراتلەرنى يەپ پىداكارلىق بىلەن دېھقانلارغا ياردەملىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بوز تورغاينى تۇتسا ياكى ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ، دەپ ئۇنى قوغداپ كەلدى. سىلەرمۇ بوز تورغاينى قەدىرلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماسلىقىڭلار كېرەك. بۇ ياخشى پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى

# ئىت بىلەن مۈشۈك نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىگە ئۆچ بولۇپ قالغان؟

— ئۆزىنىڭ ھۈنىرىگە ساختىلىق قىلغان ئادەم ئاخىر ئۆزىنى خار قىلىدۇ

— خاتىرەمدىن

بۇرۇنقى زاماندا ئىت بىلەن مۈشۈك دوست ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۈشۈك دوستى ئىتقا:

— مەن ئەسلى ئۇستا موزدۇز، قىش كېلىۋاتىدۇ، ناۋادا ئۆتۈك لازىم بولسا مەن تىكىپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ۋۇي، مۇنداق ھۈنىرىم بار دېگىنە، تېخى! — دەپتۇ ئىت ھەيران بولۇپ، — ئۇنداق بولسا سوغۇق چۈشكىچە ماڭا بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىپ بەرگىن، باشقا يەردىن موزدۇز ئىزدەپ يۈرمەي.

— بولىدۇ، بۇرادەر، يارىغۇدەك قىلىپ تىكىپ بېرىمەن، بىراق بىر ئايدىن كېيىن ئالىسەن، — دەپتۇ مۈشۈك.

— ۋاقتى نېمانچە ئۇزۇن؟ تېزرەك بولسا ياخشى بولاتتى، سوغۇق چۈشۈپ كەتمىگىيدى، — دەپتۇ ئىت ئەنسىرەپ.

— قورقما، بىر ئاي دېگەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھۈنەرگە ئۇستا بولغىنىم ئۈچۈن قولۇم بېسىق، ئىشنى پۇختا، سۈپەتلىك قىلىمەن، شۇڭا ۋاقىت كۆپرەك كېتىدۇ، — دەپ ماختىنىپتۇ مۈشۈك.

ئۇلار بىر ھازا تالىشىپ ئىككى ھەپتىگە پۈتۈشۈپتۇ. ئىككى

ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، لېكىن مۈشۈك ھورۇنلۇق قىلىپ قەيەر ئىسسىق بولسا شۇ يەردە ئۇخلاپ ئۆتۈكنى تىكىپ بەرمەپتۇ .

ئىت ئۆتۈكنى سورۇشتۇرۇپ مۈشۈكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ .

— ئىشىم بېسىق بولۇپ كېتىپ تېخىچە قولۇمغا ئالالمىدىم . بولمىسا ئالىلقاچان پىچىپ تەييارلاپ قويغانىدىم . خاپا بولماي يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلگىن ، دوستۇم ، — دەپتۇ مۈشۈك .

ئىت ئىلاجىسىز قايتىپ كېتىپتۇ . كۈندىن - كۈنگە سوغۇق چۈشكىلى تۇرۇپتۇ . ئىت بىر ھەپتىنى ئاران ئۆتكۈزۈپ يەنە كەپتۇ .

— ھەي دوستۇم . . . ئۆتكەن ھەپتە ئاغرىپ قېلىپ زادىلا ئىش قىلالمىدىم . خاپا بولماي يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسەڭ ، — دەپتۇ مۈشۈك خىجىل بولۇپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ .

ئىت يەنە قايتىپ كېپتۇ . بارغانسېرى سوغۇق چۈشۈپتۇ . ئىت نەچچە قېتىم بېرىپ مۈشۈكتىن ئۆتۈكنى ئالالماپتۇ . ھەر قېتىم كەلسە :

— پۈت . . . پۈت ! . . . مانا ھازىر قېلىپقا تارتىپ قويدۇم ، ئەتىلا پۈتكۈزۈپ بېرىمەن ، پۈت . . . پۈت ! . . . — دەيدىكەن مۈشۈك رەختكە ھەدەپ سۇ پۈركۈپ تۇرۇپ .

ئىت تولا كېلىپ ئۆتۈكنى ئالالماي سوغۇقتا پۇتى توڭۇپ كېتىپتۇ . شۇڭا ئۇ جىلى بولۇپ زادىلا ئۆزىنى بېسىۋالالماپتۇ - دە ، غەزەپ بىلەن مۈشۈككە ئېتىلىپتۇ . مۈشۈك چاققانلىق بىلەن يېنىدىكى ئېگىز دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋاپتۇ .

مۈشۈ ئىش تۈپەيلىدىن ئىت مۈشۈككە ئۆچ بولۇپ قالغانىكەن . شۇڭا ، ئىت مۈشۈكنى نەدە كۆرسە ، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قوغلايدىكەن . مۈشۈكمۇ «پارتتىدە» قېچىپ ، دەرەخنىڭ

uyghurkitap.com www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تارىيسى

ئۈستىگە چىقىۋالىدىكەن ـ دە ، «پۇت . . . پۇت . . . ئۆتۈكنى قېلىپقا تارتىپ قويدۇم ، ئەتىلا پۇتكۇزۇپ بېرىمەن !» دەپ كونا گېپىنى تەكرارلايدىكەن .

«يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس» دېگەن ماقالىمۇ شۇ چاغدىن قالغانىكەن[1] .

× × ×

بۇ رىۋايەت جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كاززاپ ، يالغانچى ، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ھۈنەرۋەن ، كاسىپلارنى تەنقىدلەپ ئىجاد قىلىنغان .

ھۈنەر ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ ، ساختىلىققا ئادەتلەنگەن ھۈنەرۋەن ھەرگىز روناق تاپمايدۇ . خەلق ئىچىدە ، «ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ» دېگەن ھېكايە بار . ھۈنەرۋەن ئۆزىنىڭ كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىمەن دەيدىكەن ئىشنى ئەستايىدىل ، كۆڭۈل قويۇپ قىلىشى ، ۋەدىسىدە تۇرۇشى ، بېكىتىلگەن ۋاقىتتا چوقۇم رىئايە قىلىشى كېرەك . ئەگەر بىر قېتىم يالغانچى ئاتىلىپ قالدىمۇ ، بۇ ھاقارەتلىك تامغىنى مەڭگۈ يۇيۇپ تازىلاپ بولالمايدۇ . نەتىجىدە ھۈنىرىمىزنىمۇ خار قىلىدۇ ئۆزىنىمۇ خار قىلىدۇ .

ھۈنەرنىڭ تېگى پاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۇ ھەرگىزمۇ ناپاكلىقنى خالىمايدۇ ، ئۆزىگە نان بېرىۋاتقان ھۈنەرگە ساختىلىق قىلغان ئادەم ئۆزىگە ئۆزى ساختىلىق قىلغان بىلەن باراۋەر . بۇ ئىبرەتنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەك .

---

[1] يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

# مۇشۇك نېمە ئۈچۈن پوقىنى كۆمىدۇ؟

— دۈشمىنىدىن شاپائەت كۈتكۈچى، ئۆزى خالاپ بېشىدىن كەچكۈچىدۇر.

— خاتىرەمدىن

مۇشۇك دائىم چاشقانلارغا:

— مەن ھەرقانداق ئېگىز يەرگە يامىشىپ قېچىپ كېتەلەيمەن، سەكرەشتىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغىنى يوق، — دەپ ماختىنىدىكەن. چاشقانلار مۇشۇكنىڭ مۇنداق ماھارىتىگە ھەۋەس قىلىشىدىكەن. بىر كۈنى چاشقانلار: «بىزمۇ مۇشۇكنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن سەكرەشنى، ئېگىزگە يامىشىپ چىقىشنى ئۆگەنسەك بولامدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا ئېگىز ئاسقىدىكى گۆشلەرنىمۇ قىينالمايلا يېيەلەيمىز» دېيىشىپتۇ. ئاخىرى چاشقانلار بۇ تەلىپىنى مۇشۇككە ئېيتىپتۇ.

مۇشۇك «تەلىيىم كەپتۇ» دەپ ئويلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە چاشقانلارغا قاراپ ناھايىتى سەمىمىي، مۇلايىم قىياپەتتە:

— بولىدۇ، بولىدۇ! مەن ئۆزۈمدىكى بۇ ماھارەتنى سىلەرگە ئۆگىتىپ قويۇشنى بەكمۇ خالايمەن. بىراق، بىر شەرت بار، مەن ھەر كۈنى بىر قېتىمدىن ئۆگىتىمەن. ھەممىڭلار ئۆز ۋاقتىدا كەلسەڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ. چاشقانلار چوقۇم ۋاقتىدا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇستازىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىردەك ۋەدە بېرىشىپتۇ.

— خوش ، ئۇنداق بولسا بۈگۈن سىلەرگە تەرتىپلىك يۈگۈرۈشنى ئۆگىتىپ قوياي . ھەممىڭلار رەتلىك تىزىلىپ ، مېنىڭ كەينىمدىن يۈگۈرۈڭلار . مەن ئاستا يۈگۈرسەم سىلەرمۇ ئاستا يۈگۈرەيسىلەر ، تېز يۈگۈرسەم سىلەرمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماي تېز يۈگۈرەيسىلەر ، بىر ئورۇندا تۇرۇپ پىرقىرىسام ، پىرقىرايسىلەر . ئۇقتۇڭلارمۇ ؟

— ئۇقتۇق ! — دېيىشىپتۇ چاشقانلار .

شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرۈش باشلىنىپتۇ . بىر ئازدىن كېيىن مۈشۈك ئۇلارنى توختىتىپ :

— ئەمدى پىرقىراپ يۈگۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار . مەن يۈگۈرمەي ئوتتۇرىدا تۇرىمەن ، سىلەر ئەتراپىمنى چۆرىدەپ يۈگۈرۈڭلار ، قۇيرۇقىمنى ئاستا شىپاڭشىتسام ئاستا يۈگۈرۈڭلار ، تېز شىپاڭشىتسام تېز يۈگۈرۈڭلار ، — دەپتۇ . چاشقانلار پىرقىراپ يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ . مۈشۈك قۇيرۇقىنى توختىماي تېز شىپاڭشىتىپتۇ ، چاشقانلار پىرقىراۋېرىپ چارچاپ كېتىپتۇ .

— ناھايىتى ياخشى يۈگۈرۈۋاتىسىلەر ، توختىماي يۈگۈرۈڭلار ! — مۈشۈك شۇنداق دەپ تۇرۇپ ئارقىدا قالغان ئىككى چاشقاننى كاپپىدە تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ . بىردەمدىن كېيىن يەنە چاشقاندىن ئۈچنى يەۋېتىپ :

— بولدى توختاڭلار ، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك ئۆگىنىڭلار . ئەتە سىلەرگە يۇقىرىغا يامىشىشنى ئۆگىتىمەن ! — دەپتۇ . چاشقانلار قايتىپ كېتىپ ئارام ئاپتو . ئەتىسى يەنە كەپتۇ . ئۆگۈنىمۇ كەپتۇ . مۈشۈك ھەركۈنى چاشقاندىن بەش - ئالتىنى يەپ تۇرۇپتۇ . بىر ھەپتىلەردىن كېيىن چاشقانلارنىڭ يېرىمى

قاپتۇ .

— بۇرادەرلەر ، — دەپتۇ بىر قېرى چاشقان ھەمراھلىرىغا قاراپ ، — ئۈگىنىشنى باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە بىز ناھايىتى كۆپ ئىدۇق . بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىمىز . بۇ يەردە بىر چاتاق بار جۇمۇ ! بايا ئۇستازىمىز تەرەت قىلغان يەرگە بېرىپ قاراپ باقسام ئەھۋال باشقىچە ، ئۇنىڭ پوقى ئارىسىدا چاشقانلارنىڭ تۈكلىرى تۇرىدۇ . ئۈگىنىشنى ئاستا يىغىشتۇرۇپ قويساقمىكىن .

بۇ گەپنى مۈشۈك ئاڭلاپ قاپتۇ . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ تەرەت قىلىپ بولۇپلا پوقىنى كۆمۈۋېتىدىغان بوپتۇ . چاشقانلارمۇ ئۈگىنىشكە كەلمەيدىغان بوپتۇ[1] .

× × ×

بۇ رىۋايەتتىكى ساۋاق ، مۈشۈكنىڭ ئىبرىتىدىنمۇ كۆرە ئەڭ مۇھىمى چاشقانلارنىڭ ئىبرىتى .

مۈشۈك ئەزەلدىن چاشقانلارنىڭ كۈشەندىسى . چاشقان يېيىش مۈشۈكنىڭ تەبىئىتى . ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ، گەرچە ئۇ سەللە ئوراپ تەقۋادارلىق سۈپىتىدە يوپۇقلىنىۋالسىمۇ ، بەرىبىر ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ . چاشقانلارغا ئۆزىگە خاس ئىقتىدار ئاتا قىلغان . پەقەت ئۇلار ئاشۇ ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ياشىيالايدۇ ، ئۇلارنىڭ مۈشۈكتىن ماھارەت ئۆگىنىپ مۈشۈكتەك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىدىن ماھارەت ئۆگەنمەك بولغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقى ئىدى . قانداق دۈشمەن ئۆزىنىڭ رەقىبىگە ھۈنەر ئۆگىتىپ ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىشىگە يول بېرىدۇ . ھەرگىزمۇ دۈشمەندىن ئۈمىدۋار بولماڭلار .

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوقياخۇمار چى شۈەنۋاڭ

— زوراۋانلىقمۇ يامان، قولچىلىق ئۇنىڭدىنمۇ يامان.
— خاتىرەمدىن

چى شۈەنۋاڭ ئوقيا ئېتىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى يانىڭ كېرىچىنى قاتتىق تارتالايدۇ، دەپ خۇشامەت بىلەن ماختىشىنى تەمە قىلىدىكەن. بىر كۈنى چى شۈەنۋاڭ يانى ئەتراپتىكىلەرگە كۆرسەتكەنىكەن، كىشىلەر كېرىچنى تارتىپ بېقىپ، ھەممىسىلا دېگۈدەك يېرىم تارتىپلا توختاپ قاپتۇ. گەرچە بۇ يانىڭ كېرىچىنى چېكىگە يەتكۈدەك تارتىش ئۈچۈن 360 جىڭدىن كەمرەك كۈچ كەتسىمۇ، كىشىلەر چى شۈەنۋاڭغا:
— بۇ يانىڭ كېرىچىنى بىر مىڭ سەكسەن جىڭلىق كۈچ بولمىسا، تارتقىلى بولمايدىكەن، شاھ ئالىيلىرىدىن باشقا كىممۇ ئۇنىڭغا قول تەگكۈزەلىسۇن! — دېيىشىپتۇ. بۇ گەپ چى شۈەنۋاڭغا تولىمۇ يېقىپ كېتىپتۇ. گەرچە يانىڭ كۈچى 360 جىڭلىق بولسىمۇ، چى شۈەنۋاڭ ئۆلۈپ كەتكۈچە بىر مىڭ سەكسەن جىڭ دەپ يۈرۈپتۇ. 360 جىڭ ئىكەنلىكى ئەمەلىيەت، بىر مىڭ سەكسەن جىڭ ئىكەنلىكى بولسا يالغان. شۈەنۋاڭ قۇرۇق شۆھرەتكە ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتىن شۇنچىلىك يىراقلىشىپ كەتكەنىكەن[①].

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش.

× × ×

قۇرۇق شۆھرەتكە قورساق تويمايدۇ، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە نىشان بولۇپ بېرىدىغان گەپ، ھەممە ئادەمگە روشەن بولغان ئەرسىلەرنى قانداقمۇ يوشۇرۇپ قالغىلى بولسۇن.

بەزى ئادەملەر، ئۇچۇشنىلا بىلىدۇ، چۈشۈشنى بىلمەيدۇ، يەنە بەزى ئادەملەر قۇرۇق ماختاشلار، قۇلچىلىق ۋە خۇشامەت بىلەن ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىپ كۆرسىتىشكە ئامراق ئەخمەق ئەمەلدارلار بولسا، بۇنىڭ تېگىنى پەم قىلالماي، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ - دە، ئاۋامنىڭ بېشىغا تېخىمۇ بەتتەر مىنىۋالىدۇ، ئۇيغۇرلاردا «دەۋاگەر سۇس بولسا قازى مۇتەھەم بولۇپتۇ» دېگەن بىر ماقال بار. شۇنىڭدەك، ھەرقانداق جەمئىيەتتە قۇلچىلىق قانچىلىك ئەدەپ كەتكەنسېرى زوراۋانلىققا شۇنچىلىك يول ئېچىلىدۇ. ھازىرغىچە جەمئىيىتىمىزدە يالغان مەلۇم قىلىش، راستىنى يوشۇرۇش بىلەن تۆۋەندىكى مۇشتۇمدار ئەمەلدارلارنىڭ قۇرۇق تەمەننا مۇشتىنى، كىبىرلىك پەشۋاسىنى يەپ يۈرگەن كىشىلەر ئازمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن خۇددى «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن چۆچەككە ئوخشاش تراگېدىيەنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان ئىشلار كۆپقۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان پادىشاھلىرىدىن بىرى ئوردا ئەمەلدارلىرىنى سىناپ باقماقچى، ئۆزىگە ساداقىتىدىن ئىمتىھان قىلىپ باقماقچى بولۇپ، بىر بۇغىنى كەلتۈرۈپ ئۇنى ۋەزىر - ۋۇزىرالار ئالدىدا «بۇ نېمىدېگەن ئېسىل نەسىللىك ئات - ھە» دەپ ماختاپتۇ. بەزى ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ بۇغىنى ئات دەپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، «ئالىيلىرى سىلى بۇغىنى ئات دەپ ماختاۋاتىدىلىغۇ» دەپتۇ. شۇنداق پادىشاھ ئەمەلدارلارغا سۇئال قويۇپ، ئوبدان كۆزۈڭلارنى ئېچىپ قاراڭلار بۇ ھەقىقەتەن

ئاتمۇ ياكى بۇغمۇ» دەپتىكەن ، بىر قىسىم ۋەزىرلەر ئالىيلىرى بۇ ھەقىقەتەن ئىپسىل نەسىلىك پەرغانە ئېتى ئىكەن» دەپتۇ. يەنە بىر تۈركۈم ۋەزىرلەر «ئالىيلىرى بۇ ئات ئەمەس ، بۇغا» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇغىنى ئات دېگەن ئەمىرلەرنى ئۆزىگە ھەقىقەتەن ساداقەتمەن ئىكەن دەپ ، ئۇلارنىڭ ئەمەل ، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپتۇ . بۇغىنى بۇغا دېگەن ئەمىرلەرنى جازالاپتۇ① .

بۇ يەردىكى ساداقەت ئۆلچىمى نېمە بولدى . يالغانچىلىق كۆز بويامچىلىق ساداقەت بولۇپ ، ئەمەلىيەتنى سۆزلىگەنلەر ئاساسىي گۇناھكار ھېسابلاندى . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ قۇلچىلىقتا ئادەتلەنگەن جان باقتى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەقىقەتكە قارا يۈزلۈك قىلغان ، ساختىلىقتا چاپان ياپقان . شۇنىڭ بىلەن زوراۋانلىق ھەددىدىن ئاشقان ، خەلق كۆلپەت تارتىۋەرگەن .

مۇشۇ يەردە گىتلېرنىڭ بىر سۆزى يادىمغا كېلىپ قالدى : «ئاخبارات دېگەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا دوزاخنى جەننەتتەك كۆرسىتىشنىڭ قورالى»② دېگەنىكەن . بۇ يەردە گۇناھ كىمدە ، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلاردىمۇ ياكى ساختا ئاخبارات بىلەن ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ ، ئۇنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ ساختىلىقنى پەردازلاپ كۆرسەتكەن ئاخباراتچىلاردىمۇ ؟ بۇنى ھەر ئىككىسىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ . ئەڭ مۇھىمى ساختا پەردازچىلاردىن كۆرۈش كېرەك .

---

① يۇقىرىقى مەنبە بىلەن ئوخشاش .
② مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن ، بېسىلغان «كىتابچىلىق لەززىتى ۋە سەنئىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئېلىنىدى .

# شىر ، تۈلكە ۋە ئېشەكلەرنىڭ ھېكايىسى

— ئەقىلسىز باش قاپاق ، پاراسەتسىز ۋۇجۇد ساپاقتۇر .

— خاتىرەمدىن

بىر جاڭگالغا پادىشاھ بولغان شىر قوتۇر بولۇپ قاپتۇ ، پۈتۈن بەدىنى ناھايىتى بەك قىچىشىپ ھېچ ئەزاسىدا ماغدۇر قالماپتۇ ۋە تۈكى چۈشۈپ ، ھالى خاراب بولۇپ قالغاچقا ئوۋغا چىقالماپتۇ . ئۇنىڭ خىزمىتىدە بىر تۈلكە بار بولۇپ ، ھەمىشە ئۇنىڭ مەرھەمەت داستىخىنىدىن ئوزۇق پارچىلىرىنى تېرىپ يەپ ، شۇنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ھايات كەچۈرىدىكەن . شىر شىكارنى تاشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەگلىك ۋە ئاچلىق باشلىنىپتۇ . بىر كۈنى ئۇنىڭ قورسىقى ناھايىتى بەك ئېچىپ كېتىپ ، شىرغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە دەپتۇ :

— ئەي پادىشاھىم ، ساقسىزلىقلىرىڭىزنىڭ ئەندىشىسى بۇ ئورمان جانۋارلىرىنى مالال قىلدى ۋە زەئىپلىكلىرىڭىزنىڭ ئەسىرى ھەممە مۇلازىملار ۋە بەلكى بارلىق پۇقرالارغا يەتتى .

جېنىڭىزنىڭ غېمىدىن يوقالغۇسى يۈزمىڭ جان ،
زاتىڭىزنىڭ خەتىرى قىلدى جاھاننى لەرزان .

نېمىشقىمۇ بۇ ئىللەتكە بىر ئىلاج قىلىشنى خىيال قىلمايدىغانلا ۋە بۇ دىلنى غەش قىلىدىغان كېسەللىككە داۋا

www.uygurkitap.com

قىلىشنى پىكىر قىلمايدىغانلا!
شىر دەرد يۈزىسىدىن نالە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— يۈرەككە سانچىلار مىڭلاپ تىكەن، ئەمما جېنىم چىقماس،
يۈرەك قان بولدى، ئەمما نەرە تارتساممۇ قېنىم چىقماس.

ھەي، تۈلكە! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى غەم ـ غۇسسىدىن قان يۇتۇۋاتىمەن، زەئىپلىكتىن تېنىم تۈككىلا ئۇخشاپ قالدى، ئەمما تېنىمدە بىر تالمۇ تۈك قالمىدى، بۇ مەرەزنىڭ قانداق ئىلاجىنى قىلسام بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن بىر تېۋىپ: «بۇنىڭغا ئېشەكنىڭ قۇلىقى ۋە يۈرىكى داۋا بولىدۇ. شۇنى تېپىپ يېمەك كېرەك. ئۇنىڭدىن بۆلەك دورا نەپ بەرمەيدۇ» دېگەنىدى. مەن شۇنىڭدىن بېرى «ئۇ نەرسىنى قانداق تاپقىلى بولار ۋە ئۇنى قانداق ھىيلە بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولار» دېگەن ئەندىشىگە چۈشتۇم.

— ئەگەر پەرمان قىلسىلا، مەن خىزمەتلىرىگە تەييار، — دەپتۇ تۈلكە.

— قانداق خىيال قىلدىڭ ۋە ھىيلە دەپتىرىدىن قايسى مىكرىنى ئوقۇدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ تۈلكە، — خاتىرەمگە شۇ كەلدىكى، سىلى ئۈچۈن بۇ ئورۇندىن چىقىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى بەدەنلىرىنىڭ مويى تۆكۈلۈپ يالىڭاچ بولۇپ قاپتىلا، بۇ چىراي بىلەن خالايىققا كۆرۈنسىلە شەۋكەت ۋە ھەيۋەتلىرىگە نۇقسان ۋە زىيان يېتىدۇ. مەسلىھەتىم شۇكى، سىلى تەلەپ قىلغان نەرسىنى مەن بۇ يەرگە كەلتۈرەي، سىلى ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ، قايسى ئەزاسىنى خالىسىلا شۇنى يەۋەرسىلە.

— ئۇنى قەيەردىن كەلتۈرسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر .

— بۇ يېقىن ئارىدا بىر بۇلاق بار ، — دەپتۇ تۈلكە ، — ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنىڭ كۆپلۈكى خۇددى ئۇمان دېڭىزىدەك ، شېرىنلىقى ۋە لاتاپىتى خۇددى ئابىھاياتقا ئوخشاش .

بىر ئۇشتىگە ھەر كۈنى بىر ئېشەككە كىيىم - كېچەكلەرنى يۈكلەپ ، شۇ بۇلاقتا يۇغىلى ئېلىپ كېلىدۇ . ئېشەك ئاخشامغىچە ئارىلىقتا ئاشۇ بۇلاق چۆرىسىدە ئوتلايدۇ . ئۇنى ئالداپ بۇ ئورمانلىققا ئېلىپ كەلسەم ئەجەب ئەمەس ، ئەمما پادىشاھىم شۇنى ئەسلىرىدە چىڭ تۇتۇپ ۋەدە بەرسىلە ، ئۇنىڭ قۇلىقى بىلەن يۈرىكىنىلا يەپ ، قالغان ئەزالىرىنى باشقا مۇلازىملارغا سەدىقە قىلغايلا!

شىر «پەقەت ئاشۇ ئىككى ئەزاسىنىلا يەپ ، قالغان يېرىنى خۇدا يولىدا تەسەددۇق قىلىۋېتىش» ئۈچۈن ۋەدە بېرىپتۇ . تۈلكە كەڭرى نازۇ - نېمەتلەر ھاسىل بولۇشىنى كۆزلەپ ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن ، ئۇ بۇلاق تەرەپكە قاراپ راۋان بولۇپتۇ ۋە ئېشەكنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئۇنىڭغا تەزىم ۋە ئىززەت - ئىكراملارنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ . ئۇ ئېشەككە قانچە يېقىن كەلگەنسېرى مۇلايىملىق بىلەن تەزىملىرىنى شۇنچە ئاشۇرۇپتۇ ھەم قېشىغا يېقىن كېلىپ يۇمشاق سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ .

شېرىن زۇۋان بولسا كىشى ئۆزىگە رام قىلار پىلنى ،
ھەيران ئەيلەپ سۆرەپ يۈرەر ئاڭا يۈگەن قىلىپ قىلنى .

— ئەي بۇرادەر ، نېمىشقا بۇنداق ئورۇقلاپ ، ئاجىزلىشىپ كەتتىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە .

— بۇ ئۇشتىگە ھەمىشە مېنى ئىشلىتىدۇ ، لېكىن ھالىمغا

پەرۋا قىلمايدۇ . ھەلەپ غېمىدە ئورۇقلاپ كەتتىم ، ئەمما ، بوغۇزا دېگەن نەرسىنىڭ ماڭا راۋا كۆرمەيدۇ ، ئۆمرۈمنىڭ خامىنىنى ئۇنىڭ ھاۋاسىغا سورىغان بولسامۇ ، ماڭا بىر تۇتام سامانمۇ بەرمەيدۇ ئەمەسمۇ .

يىللار ئۆتتى تېتىماي ھېچ مەزە ھەم ،
قالمىدى جىسمىمدا زەررە گۆش ۋە نەم .
ئۆمرۈم ئىچرە كۆرمىدىم مەن ناتاۋان .
ئىشتىھايىم قانغۇچە ئارپا ـ سامان .

— ھەي بىچارە ، — دەپتۇ تۈلكە ، — ماڭمىدىغان پۇتۇڭ ، تەۋرىگۈدەك قۇدرىتىڭ بار ئىكەنغۇ ئەنە ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇ مېھنەتنى ئىختىيار قىلدىڭ ۋە بۇنداق بالاغا مۇپتىلا بولدۇڭ ؟

— مەن يۇك كۆتۈرۈش بىلەن مەشھۇرمەن ، — دەپتۇ ئېشەك ، — شۇڭا مەن ھەر يەرگە بارسام ماڭا مۇشەققەت يۇكىدىن خالاسلىق بولمايدۇ . يالغۇز مەنلا ئەمەس ، بىزنىڭ جىنسىمىزنىڭ ئەۋلادى ـ ئەپرادىنىڭ ھەممىسى بۇ مېھنەت يۇكىدىن خالىي ئەمەس .

ھەر كىشى بىر ئۆزگىچە مېھنەت گىرىپتارى ئىكەن ،
ھېچ كىشى راھەتتە ياتماقلىققا ئىمكان تاپمىدى .

مەن كۆپ ئويلاپ ئاخىرى : «ھەر يەردە بولسامۇ بەربىر جاپادىن خالىي بولالمايدىكەنمەن ، شۇڭا يېنىكلىك يۇكىنى كۆتۈرۈپ ھەر تەرەپتە يۈرمەي ، بىر كىشىنىڭ ئىشىكىدە

يۈرگىنىم ئەلا» دەپ ئۆزۈمنى توختاتتىم.

— غەلەت قىپسەن، — دەپتۇ تۈلكە، — ئۆز ماكانىم مۇشۇ دەپلا جاپا ـ مېھنەتتە ئۆتمەك ياخشىمىكەن؟ يەر يۈزى كەڭرىچىلىك تۇرسا! ھەممە يەردە سەيلى قىلىپ يۈرۈشنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

سەپەر قىلغىن يېرىڭ ناخۇش كۆرۈنسە،
باشقا يەرلەر بۇ جاي بىلەن بولماس تەڭ.
تۇرغان يېرىڭ ساڭا بولغان بولسا تار،
قىلدى جاھان ئەتراپىنى خۇدا كەڭ.

— بۇ يەردىن ئۇ يەرگە بارسامۇ يەنە شۇ نېسىۋىدىن ئارتۇق تېپىلمايدۇ، — دەپتۇ ئېشەك، — سەپەر مۇشەققىتىنى بىھۇدە چېكىش ئەقىل ئىشىدىن يىراقتۇر.

كىمكى سەۋرە ئەتسە خۇدا رىزقىن بېرۇر،
رەنج چەكمەك سەۋرىسىزلىقتىن ئېرۇر.
رىزقىنى رەززاقى بەرگەي بىسەۋەب،
ھەر كىشىكىم قىلمىسىمۇ گەر تەلەپ.

— بۇ سۆزۈڭ تەۋەككۇل مەرتىۋىسىگە لايىق سۆز بولدى، — دەپتۇ تۈلكە، — ئەمما، بۇ مۇقامغا ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. خۇدايىتائالانىڭ ئادىتى شۇنداق جارى بولۇپتۇكى، — ھەر كىشىگە بىر سەۋەب بىلەن رىزقى يەتكۈزىدۇ، ھەركىمگە ھەرىكەت ئارقىلىق مۇرادىنى بېرىدۇ، «كەسىپ قىل، كەسىپ خۇدانىڭ دوستىدۇر» دېگەن سۆز بارغۇ؟

ئەگەر ئۇنساڭ سېنى بىر ئورمانزارلىقتا ئېلىپ باراي، ئۇ يەرنىڭ يۈزى جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ دۆكىنىنىڭ يۈزىدەك، رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ تاۋلىنىشى بىلەن شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەن، ھاۋاسى ئەتتارلارنىڭ ساندۇقىنىڭ ئىچىدەك تۈرلۈك خۇش پۇراقلار بىلەن خۇشبۇي بولغان بىر جاي.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ سەندەك بىر ئېشەكنى مۇشۇنداق نەسىھەتلەر بىلەن ئاشۇ جەننەتكە ئوخشاش يايلاققا ئاپىرىپ قويغانىدىم. ھېلىغىچە پاراغەت كۈرسىسىدا ئولتۇرۇپ، ئارام بىلەن ئوتلاۋاتىدۇ ۋە سالامەتلىك بېغىدا ياخشى سەمىرىپ يۈرىدۇ.

ئىشقىلىپ، تۈلكە قانچىلاپ ئەپسۇن يېلىنى دەم قىلىپ ئەپسانە ئوتىنى شۇنداق ياندۇرۇپتىكى، ئاقىۋەت مىكىر - نېنىنى ھىيلە تونۇرىدا پىشۇرۇپتۇ. خام تەمە ئېشەكنىڭ ئۇ يەرگە بېرىش سوداسى جۇش ئۇرۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

— سېنىڭ سۆزۈڭ ھەقىقىي دوستلۇق ۋە شەپقەتتىن ئېيتىلىۋاتىدۇ. سەندىن يۈز ئۆرۈمەك ۋە تولۇق مېھىر - مۇھەببەتنى يادلىتىدىغان پەرمانىڭدىن بويۇن تولغىماق جايىز ۋە راۋا ئەمەس. ھەرقانداق پەرمان بەرسەڭ جان بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

شۇنداق قىلىپ تۈلكە ئېشەكنى باشلاپ كەپتۇ. شىر ئاچلىقىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىدىن چاچراپ قوپۇپ ئېشەككە زەخمە ئۇرۇپتۇ. لېكىن، تېنى ئاجىز، كېسەل بولغانلىقىدىن ئۇنىڭغا ئەسىر يەتكۈزەلمەپتۇ. ئېشەك قېچىپ بايىقى يېرىگە بېرىپتۇ. تۈلكە شىرغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ئالدىراشتىن سىلىگە نېمە پايدا چىقتى پادىشاھىم، سەل توختىغان بولسىلا ھەم تۈزۈكرەك ئويلاپ بىر ئىش قىلغان بولسىلا، بۇنداق پۇشايمانلىق يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئىش قولدىن كەتتى مانا، ئەمدى نادامەت قىلىشتىن نېمە پايدا؟

شىر بۇ سۆزدىن خىجالەتكە قاپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە : «ئەگەر ئۇنى بوش تۇتۇپتىمەن دېسەم ، بىپەرۋالىقىم بىلىنىپ قالىدۇ ، «بەك ئېچىرقاپ كەتكەنلىكتىن ئالدىراپ كەتتىم» دېسەم ، نەپسى يامانلىقىم ھەم سەۋرسىزلىكىم مەلۇم بولۇپ قالىدۇ ، ئەگەر «زەئىپلىكىمدىن قۇۋۋىتىم يەتمىدى» دېسەم ئاجىزلىقىمغا ئىقرار قىلغان بولىمەن . بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سەلتەنەتكە نۇقسان يەتكۈزىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە تۈلكىگە غەزەپ ۋە قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ ، ئۇنى بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىن مەنئى قىلغىنىم ياخشى» دەپتۇ - دە ، تۈلكىگە قاراپ :

— ھەي بىئەدەپ! پادىشاھلار بىر ئىشنى قىلسا ، پۇقرالارنىڭ ئۇ سىردىن خەۋەردار بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ ، گەپ سوراشقا نېمە ھەددى باركەن! ئۇلاردىن ھەرقانداق ئىش سادىر بولغان بولسا ، ئۇنىڭ ھەقىقىتى ھەرگىز كۆڭلىگە روشەن بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ كۆڭلى تەقەززا قىلغان تەدبىرلەرنى پۇقرالارنىڭ ئەقلى ھەرگىزمۇ چۈشىنەلمەيدۇ . پادىشاھلارنىڭ سىر يوكىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىشى كۆتۈرەلمەيدۇ . ئۇ شۇنداق ئېغىر يۈككى ، ئۇنىڭغا ئەقلى كامىل ۋەزىرلەرنىڭ كۆڭلىدىن باشقا نەرسە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . چۈنكى ، كەكلىكتە قارىچىغىدەك ھەيسىلە بولمايدۇ - دە ، بۇ سۆزنى قويۇپ ئېشەك يەنە كەلگۈدەك بىر ھىيلە قىلغىن . بۇ خىزمىتىڭ بىلەن ماڭا ئىخلاس ۋە ئېتىقادىڭ روشەن مەلۇم بولسۇن . ئۇ چاغدا مەن ئۆز ھەمدەملىرىڭ ئارىسىدا ساڭا مەرھەمەت ۋە تەربىيە قىلغايمەن .

تۈلكە ئېشەك قېشىغا يەنە بېرىپتۇ ۋە بارلىق خۇشامەت ھەم سالام - تەزىم قائىدىلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپتۇ ، لېكىن ئېشەك ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ ۋە :

— ھەي مەككار ، مەككار! ماڭا ئاۋۋال راھەت ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پاراغەت ۋەدىسىنى قىلدىڭ . كېيىن شىر پەنجىسى بىلەن رەنج يەتكۈزدىڭا! قانداق كىشى مۇشۇنداق ئىش قىلىدۇ ـ ھە؟! — دەپتۇ .

— ھەي قەلبى پاك دوستۇم ، سەن نېمىنى خىيال قىلدىڭ ۋە قانداق ئەندىشىنى كۆڭلۈڭدىن كەچۈردۈڭ ـ ھە ؟ — دەپتۇ تۈلكە ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — سەن كۆرگەن ئۇ نەرسە ھۆكۈمالار بەرپا قىلغان تىلسىم ئىدى . چۈنكى ، ئۇ ئورمانلىق ھەر تۈرلۈك لەززەتلىك غىزالار ، رەڭگارەڭ شېرىن مېۋىلەر بىلەن تولغان . ئەگەر تىلسىم بولمىسا ئىدى ، ئالەمدە بار بارلىق جانۋارلار شۇ يەرگە جەم بولۇۋالاتتى ـ دە ، ئۇ يەردە قەدىمدىن تارتىپ ياشاۋاتقان جانۋارلارغا يەر قىس بولۇپ قالغان بولاتتى . ئاشۇ تىلسىم بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزگە ھايۋانلاردىن ھېچقايسىسى ئۇ جايغا كېلەلمەيدۇ . ئۇ يەردىكى جانۋارلار ئۆز بالا ـ چاقىلىرى بىلەن راھەت ـ پاراغەت ۋە كەڭرىچىلىكتە دەۋر سۈرىدۇ . بىز بىر كىشىنى دوست تۇتساق بۇ تىلسىم ھەقىقىتىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ قويىمىز . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خەۋپ ـ خەتەرسىز ھالدا ئۇ ھەددى ـ ھېسابى يوق نېمەتلەر ئىچىدە سەيىر قىلىدۇ .

ئېيتتى تۈلكە : «سېھىر ئىدى بىگۇمان ،
شىر سۈرەتلىك كۆرۈنسىمۇ ناگاھان .
مانا مەن سەندىن كىچىكمەن ھەم ھەقىر ،
ئۇندا قورقماي يۈرىمەن مەنمۇ ھېچبىر .
بولمىسا ئىدى ئاشۇ سۈرەت ئەگەر ،
ھەممە چەررەندە تۇتاتتى ئۇنداق يەر .

باشتا مېنىڭ ئېسىمدە بار ئىدى ، سېنى ئاشۇ تىلسىمدىن

ئاگاھ قىلىپ قويىمەن دەپ تۇراتتىم . لېكىن ، سەن بىلەن مۇلاقات بولغىنىمغا بىغايەت خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ . ھېلىمۇ ياخشى ئۇ سۇرەتنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭمۇ ياخشى بىلدىڭ . ئۇ يەرگە يەنە بارايلى ، مەن سېنى ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىگە دالالەت قىلمايمەن .

بىچارە ئېشەك ئۇنىڭ ئەپسانىلىرىگە ئىككىنچى قېتىمدىمۇ گول بولۇپتۇ - دە ، ھېلىقى ئورمانغا يۈزلىنىپتۇ . تۈلكە ئىلگىرىلەپ كېلىپ شىرغا «ئېشەكنىڭ يەنە كەلگەنلىكى»دىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ ۋە دەپتۇ :

— ئېشەكنى كۆرگەندە ئورۇنلىرىدىن تەۋرىمىسىلە ۋە ئۇ قاشلىرىغا ھەرقانچە يېقىن كەلسىمۇ ، ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىسىلا ، تاكى ياخشى پۇرسەت تاپقاندا ئاندىن ئۇنىڭ ئىشىنى قىلغايلا . شىر تۈلكىنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتۇپ ، خۇددى جانسىز ھەيكەلدەك تۇرۇپتۇ :

— كەلگىن ، بۇ سېھىر ھەقىقىتىنى ساڭا ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەي ، ئۇنىڭدىن مۇتلەق ھەرىكەت ۋە زەرەر كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگىن ، — دەپتۇ تۈلكە ئېشەككە .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپتۇ . ئېشەك گۇستاخلىق بىلەن قەدەم قويۇپ ، شىرنىڭ قېشىدىكى يەرلەردىن ئوت - چۆپلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ . لېكىن ، شىردىن ھېچقانداق ھەرىكەت كۆرمىگەچكە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كېتىپتۇكى ، ئۇنىڭ خەۋپىدىن پەرىشان بولغان خاتىرى تامامەن جەم بولۇپتۇ ۋە بىر مەزگىل كالا قورساقلىق ئىللىتىگە گىرىپتار بولغانلىقتىن ئوت يېيىشكە شۇنچىلىك مەشغۇل بولۇپ كېتىپتۇكى ، قورسىقى تويمىغۇچە باش كۆتۈرمەپتۇ . ئۇ ئاخىرى ناھايىتى بەك تويۇپ ئاشۇ تىلسىم ئالدىدا ئۇخلاپ قاپتۇ . شىر ئۇنىڭ غاپىل

قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، بېرىپلا قارنىنى يېرىپتۇ ، ئاندىن كېيىن شىر تۈلكىگە قاراپ :

— سەن بۇنىڭغىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن ، مەن بۇلاققا بېرىپ غۇسلە قىلىپ كېلەي ، ئاندىن كېيىن يۈرىكىنى ۋە قۇلىقىنى يەي ، تېۋىپ شۇنداق بۇيرۇغانىدى ، — دەپ بۇلاق بېشىغا كېتىپتۇ . تۈلكە ئېشەكنىڭ قۇلىقىنى ۋە يۈرىكىنى ئۇنىڭغا قويماي يۇتۇن يەپتۇ ، چۈنكى ئۇ ئورۇق بىچارىدە ئۇلاردىن ياخشىراق گۆش يوق ئىكەن . شىر غۇسلىدىن پارىغ بولۇپ قايتىپ كېلىپ ، قانچە ئىزدەپمۇ ئېشەكتە يۈرەك ۋە قۇلاقتىن ئەسەر تاپالماپتۇ .

— ئېشەكنىڭ ماڭا داۋا بولىدىغان ئۇ ئىككى ئەزاسى نەگە كەتتى ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ تۈلكىدىن .

— ئەي پادىشاھىم! بۇ ئېشەكنىڭ قۇلىقى ۋە يۈرىكى يوق ئىدى ، چۈنكى يۈرەك پەم ۋە ئىدراكنىڭ جايىدۇر ، ئەگەر بۇنىڭدا يۈرەك بولىدىغان بولسا ، مېنىڭ ھىيلە ـ مېكرىمگە ئالدانمىغان بولاتتى ، ئەگەر ئاڭلاش ئەزاسى بولغان قۇلىقى بولىدىغان بولسا ، مېنىڭ يالغان سۆزلىرىمنى راست بىلمىگەن بولاتتى ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە .

شىر ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا قايىل بولۇپتۇ ۋە :

— راست ئېيتىسەن ، ئەگەر ئۇنىڭدا زەرەر ۋە پايدىنى ئايرىيالىغۇدەك كۆڭۈل ۋە پاراسەت ھەم راست ـ يالغاننى ئاڭلىيالىغۇدەك قۇلاق بولىدىغان بولسا ، بىر قېتىم زەخمە يېگەن يەرگە يەنە كەلمىگەن بولاتتى ، — دەپتۇ .

قۇلىقى بار ئادەم ئالدىنقىلارنىڭ ساۋاقلىرىنى ئاڭلاپ ئىبرەت ئالىدۇ ، ئەقلى بار ئادەم بىر قېتىم بۇرنى قانىغان يەرگە ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسمايدۇ . يۇقىرىقى ئېشەكنىڭ پاجىئەسى

بىرگە «سىنىغاننى قايتا سىنىغان ئەخمەقتۇر» دېگەن ئىبرەتنى ئەقىلسىزلىك سۈرىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى . بولمىسا بىر قېتىم زەخىملەنگەندىن كېيىن يەنە ئالدىنىش ئالدىغۇچىنىڭ گۇناھى ئەمەس ، بەلكى ئالدانغۇچى ئىشەكنىڭ گۇناھى . ئەقىل دېگەن ئىشلىتىشكە يارىتىلغان ، ئۇ ھەم رەزىللىك ئۈچۈن قورال بولالايدۇ ، ھەم ئالىيجانابلىق ئۈچۈن قالقان بولالايدۇ . دۈشمەنلىكى مۇتلەقلەشكەنلەرنىڭ سىلىق - سىپايە گەپلىرى پەقەت ئەخمەقلەرنى غەپلەتتە قالدۇرۇشنىڭ بىر ھىيلىسى . نادان ئادەم بۇ ھىيلە قازىنىدا پىشىپ دۈشمىنى ئۈچۈن تەييار غىزا بولىدۇ . ئەقىللىق ئادەم ئۇنداق ياغاچ قازاندا ئىككىنچى پىشمايدۇ . دۈشمىنى ئۈمىدسىزلەندۈرەلىگەن ئادەم ئاقىل ، دۈشمىنىگە پۇرسەت بەرگەن ئادەم ھاماقەتتۇر .

## خاتىمە

«ئىبرەت» كىتابى تامام بولدى . بۇ قەدىمكىلەر ھايات ئېتىمىزدىن ھاسىل قىلغان مول بايلىقى بولۇپ ، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ساۋاقلارغا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن ھەرقاچان ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئەگەر بۇ ئىبرەتلەرگە ئېتىبار بىلەن قارىسا ۋە ئەمەل قىلغاندا ياخشى نەتىجىلەرنى بېرىپ بەختىيار قىلىدۇ . بۇ ئىبرەتلەرنى پەقەت بىر قېتىم ئوقۇپ قويسىڭىز ، پەقەت مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنىلا ، يۈزە تەرىپىنىلا ھېس قىلالايسىز ، ئەگەر قايتا - قايتا ئوقۇغاندا سىزگە تۇرمۇش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىپلومىنى بېرىدۇ .